

ئېلى زاھىت

# سۆيگۈ دۇنياسى

مىللەتلەر نەشرىياتى

# سۆيگۈ دۇنياسى

(شېئىرلار)



ئېلى زاھت

مىللەتلەر نەشرىياتى

# نەشرىياتتىن

ئۇيغۇر شېئىرىيىتى دەۋر تەلىپىنىڭ مۇرەككەپ، نازۇك چاقىرىقلىرىغا جۇر ئەتلىك سادا قايتۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە ئوقۇرمەنلەرگە ئاپتورنىڭ «سۆيگۈ دۇنياسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى سۇندۇق.

ئېلى زاھىت 1943-يىلى 11-ئايدا قۇمۇل شەھىرى (ھازىرقى) شارلاتېغى يېزىسى، ئۇلانبۇلاق كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتىسى زاھىت ئاكا بالىلىقىدا دىنىي مەكتەپتە تەلىم ئالغان، شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرىنى كەزگەن، كۆرگەن - بىلگىنى كۆپ، كىتابخۇمار كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ خېلى كىتابلىرى بالىلىرىغا مىراس قالغاندى. بۇ كىتابلار مەكتەپتە ساۋادىنى چىقىرىپ، كىتاب ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بۇ ياشنىڭ پاك قەلبىگە مەرىپەتنىڭ دەسلەپكى ئۇرۇقىنى چاچقاندى.

ئۆز يۇرتىدا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەن ئېلى زاھىت

1962-يىلى شەرەپ بىلەن ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايون پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپىنىڭ تىل-تەرجىمە كەسپىدە ئۈچ يىل ئوقۇپ، مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ھەربىي رايون سىياسىي باشقارمىسىدا تەرجىمان ۋە مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ كەلگەن. 1990-يىلى 10-ئايدا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن كەسىپ ئالمىشىپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە باشقارما باشلىقى، كېيىنچە «شىنجاڭ گېزىتى» دە مۇئاۋىن باش مۇھەررىر بولغان. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئېلى زاھىتنىڭ تۇنجى شېئىرى 1965-يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر شېئىر، مەسەل، نەسرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى گېزىت-ژۇرناللاردا داۋاملىق ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە، شۇنداقلا ئۇ تەرجىمە قىلغان مەملىكەت ۋە چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ھېكايە، پوۋېست قاتارلىق نادىر ئەسەرلىرى كەڭ

ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بېيىشىغا، رەڭدار تۇس ئېلىشىغا ھەسسە قوشتى.

ئېلى زاھىتنىڭ ئىجادىيەتتىكى تىنىمسىز ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە كۆپلىگەن شېئىرلىرى گېزىت، ژۇرنال، رادىئو ئاڭلىتىشلىرىدا ئېلان قىلىنىشتىن سىرت، «يۇرتۇم»، «تاغ شامىلى»، «پەرزەنت سۆزى»، «دەۋرىم گۈزەل» قاتارلىق شېئىرلىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنغان ئايرىم شېئىر توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، شائىرنىڭ ئۇزۇن يىل ھەربىي سەپتە خىزمەت قىلغانلىقى، تەرجىمە كەسپى ھەمدە تەشۋىقات ئورۇنلىرىدىكى رەھبەرلىك خىزمىتى تۇرمۇشتا ئۇنى تېخىمۇ چېنىقتۇرۇپ، ئىجادىيىتىنى روشەن ئالاھىدىلىك، مول، رەڭدارلىققا، قويۇق ھېس-تۇيغۇغا، چوڭقۇر پەلسەپۋى پىكىرگە، ياخشى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغان، شائىرنىڭ ئۆز خەلقىگە، ۋەتىنىگە، زامانغا بولغان مۇھەببىتى، شۇنداقلا ئىنسانىيەتتىكى ئورتاقلىق، مىللەت ۋە مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىناقلىق، تەبىئەتكە،

گۈل-گىياھلارغا بولغان مېھىر-مۇھەببەت، كەلگۈسىگە تەلپۈنۈش، ئۈمىدۋارلىق قاراشلىرى ئۆز شېئىرلىرىدا روشەن ئىپادىلەنگەن.

شائىرنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپقا ئىگە، ئۇ ئالاھىدە تەسىر قوزغىغان بىر مۇنچە ياخشى شېئىرلارنى ئىجاد قىلدى. كۆپ يىللىق تىنىمسىز ئىزدىنىشىنىڭ مېۋىسى سۈپىتىدە بۈگۈن ئۇ ئۆزىنىڭ «سۆيگۈ دۇنياسى» ناملىق كىتابىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە سۇندى، ئۇنىڭ كەمتەر-ئېھتىياتچان، تەمكىن، سەۋر-تاقەتلىك خىسلىتى سەۋەبىدىن، جامائەتچىلىك بىلەن ئاللىبۇرۇن يۈز كۆرۈشتۈرۈش مۇمكىن بولغان بۇ توپلام كېچىكىپ نەشر قىلىنىدى. بىز شائىرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ مول مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەپ، ئۇنىڭ ھەر بىر كۈبلىت، ھەر بىر مىسراسىنىڭ خەلقىمىز ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ياقتۇرۇپ ئاڭلايدىغان ياڭراق كۈيلەرگە ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئېلى زاھىت ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى.

# مۇندەرىجە

يۇرتۇم ................................ 1
ساي ................................ 3
باغداش چېچەكلىرى ........................ 4
يېزا تەسىراتلىرى ........................ 5
يېزامغا كەلدىم ........................ 5
ئاكامنىڭ ئۆيىدە ........................ 5
ئەتكەن چاي ........................ 6
تاغ شاملى ........................ 8
شېرىن سۆزلەر ـ مېھر دەرياسى ............ 9
«ئاي» دۇنياسى ........................ 9
«ئۆزلىرى» ........................ 10
ئانىلار تىلى........................ 10
قار ................................ 12
دەۋرىم گۇزەل........................ 14
«كۇتمەن سەندىن جاۋاب» قا جاۋاب ...... 16
قىسىنما ئانا ........................ 18
پەرزەنت سۆزى ........................ 20
سىڭلىمغا........................ 22
ئۆتنە ئالەم........................ 24

«شۈكرى قىل» .......................... 26
ئىسسىقىمىز ـ غايىمىز ئوخشاش ........ 27
. . . بولمىسا .............................. 29
كەلدى باھار .............................. 31
كۆكتىن چۈشەر ئاق شايى .............. 32
گۈل تەكچە ................................ 33
كۆلگەك يۇلتۇزلار ........................ 34
ئەمگەك بىلەن ئۆتسەم بىر ئۆمۈر ........ 35
يىللار ئالدىراش ........................... 37
قېيداپ يۈرمەسمەن يىللاردىن . . . ...... 39
تورغاي.................................... 41
تاشتەك گۈلى ............................. 43
ھەيرانمەن ................................ 44
بۇركۈتكە قاراپ ........................... 45
غەلىتە ئىشلار ............................ 46
ئانا پىغانى ................................ 47
شاتلىقىم قېنى، تاتلىقىم قېنى. . . ...... 50
دەيدۇ ئەمدى كىممۇ سېنى ئوماق قىز ... 54
شاراب ..................................... 58
پايتەختتە نورۇز ........................... 61
كۆزۈڭ بىر دۇنيا .......................... 63
سۆرەت .................................... 64

ئۇنتۇلمايدۇ بىز ئېيتقان كۈيلەر ......... 65
ئەللىك يىلغا سۆز ..................... 67
كېلۈر ................................. 69
نەۋرەم................................. 72
ئۈچ تىلەك ............................. 74
قارىچۇقۇم بوپتۇ قەبرىگاھ . . . ......... 76
ئاھ، چۈشلىرىم، گۈزەل چۈشلىرىم. . . ..... 77
دوستۇمغا................................ 80
بالىلىرىمىز ئۈچۈن ...................... 83
چۈش ئەمەس ............................ 83
دوست بولايلى سۇر بۆجەن................. 86
مەنمۇ ئالىم بولىمەن ..................... 89
رۇبائىلار ............................... 91
يانالمايسەن سەبىلىكىڭگە................. 97
ئۈچ مەرسىيە .......................... 99
ئەلۋىدا................................. 99
مۇنار ................................... 100
كەتتىلە. . . ........................... 102
چەت ئەل تەسىراتلىرى.................... 104
گۈزەلسەن، رېيىن دەرياسى ............... 104
كۆردۇم بىر ئۇۋا ........................ 107
گۈل بازىرى ............................ 109

# يۇرتۇم

توپ-توپ بولۇپ ئۇزەر كۆكتە رەڭدار بۇلۇت،
ئاستىدىكى مەنزىرىگە زوقمەن بولۇپ.
كۆكنى تىرەپ تۇرار تاغلار ھەيۋەت بىلەن،
جىلغىلىرى تۇرلۇك - تۇمەن گۇلگە تولۇپ.

شۇ تاغلارنىڭ باشلىرىدا ئاق سەللىسى،
ئىچىلىدۇ بىرىپ زىننەت قار لەيلىسى.
ئورمانلىرى خۇددى يىشىل سىپىل - قورغان،
كۆكتىن ئاڭا باقار تۇندە ئاي پەرىسى.

خۇددى ھۆرمەت قاراۋۇلى قارىغايلىرى،
كەڭ يايلاقتا ياڭرار چوپان ئاي - ھايلىرى،
تىك قىيادا تۇرسا پوستا قىران بۇركۇت،
كۆكتە پەرۋاز قىلىپ سايرار تورغايلىرى.

تاشتىن - تاشقا سەكرەپ ئوينار تاغ سۇلىرى،
شىلدىرلىشى ئەينى نازلىق مەشۇق سۆزى.
سۇزۇكلۇكتە يوق تەڭدىشى، خۇددى زۇمرەت،
ئىچسەڭ گويا تىمىپ تۇرغان بالنىڭ ئۆزى.

دەريا بولۇپ چايقىلىدۇ قوي، يىلقىلار،
بۇغا، ئارقار ماكانى بۇ ساي ـ جىلغىلار.
جىرا بويلاپ ماڭساڭ ئەگەر مىنىپ تۇلپار،
سىلاپ سىنى سالاملىشار تېۋىلغىلار.

ھەممە خەقنىڭ قىمىز، قىتىق، قايمىقى بار،
مولچىلىققا پاتقان ئاۋۇل ـ ئايمىقى بار.
كىمكى كەلسە غېرىپسىنماس ئۆز ئۆيىدەك،
مېھمانلارغا كەڭ ئېچىغلىق داستىنى بار.

ئەشۇ تاغلار ئاستى تۇزلەڭ ئالتۇن دىيار،
ئۆتەر ئۇندا ھايات ھەر دەم شات ـ بەختىيار.
«قۇمۇل» دېگەن قۇتلۇق نامى ئەلگە مەشھۇر،
خەلقى ئىشچان، قەلبى گۈزەل، پاك ـ بىغۇبار.

1983-يىل، فېۋرال. ئۈرۈمچى

# ساي

قايرىپ تۈننىڭ پەردىسىنى چىققاندا ئاي،
كۆمۈش رەڭلىك لىباس كىيىپ ياساندى ساي.

بۆلۈتلارنى يېرىپ ئەركىن ئۈزگەندە ئاي،
مېنى مەپتۇن قىلار ئاشۇ مۇقەددەس جاي.

مۇقــەددەس جاي ـ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن
جاي،
تۇپرىقىغا ئەجدادلىرىم كۆمۈلگەن جاي.

ئارمىنىم يوق ئاي نۇرىدا ئېرىپ كەتسەم،
شەبنەم بولۇپ تۇپرىقىغا سىڭىپ كەتسەم.

مەن سۆيىمەن كىچىكىمدىن تولۇن ئاينى،
مەن سۆيىمەن مېنى تۇغقان مۇشۇساينى.

1979-يىل، قومۇل، ئۇلانبۇلاق

# باغداش چېچەكلىرى

باغداش تېغىنىڭ چوققىلىرىغا
ئەجەپ ياراشقان سەلتەنەت تاجى.
شۇڭا ھەرەمدىن ئۇلۇغ بىلىمىز،
ئۇۋچىلىرىنىڭ ھەممىسى ھاجى.

چىمەنزارلىرى جەننەتكە ئەنداز،
دارىيالارغا كۆي پاتماي تاشىدۇ.
چىن مۇدەن خېنىم ناخشا ئېيتقىنا،
ئاۋازىڭ يەنە تاغلار ئاشىدۇ.

قورام تاشلاردا ئىزمۇ بەك تولا،
ئىزلار بىلەن ئۆز تاغ ئېتەكلىرى.
يىلتىزى بولغاچ ئىسسىق يۈرەكتە،
تۇزىماس ئەبەد گۈل - چېچەكلىرى!

1997-يىل، ماي

# يېزا تەسراتلىرى

## يېزامغا كەلدىم

بۇ يىل بىرىپ ئۆز يېزامنى كۆرۈپ كەلدىم،
يېڭى هايات پەيزىنى خوپ سۈرۈپ كەلدىم.
دەريا ئىكەن دولقۇنلىغان هايات ئۇندا،
مەنمۇ تەشنا بېلىق بولۇپ ئۈزۈپ كەلدىم.
يادىكارلىق بولۇپ قاپتۇ جىن چىراغلار،
نۇرغا تولۇپ دىلىستانىم يورۇپ كەلدىم.
دىلى شادلىق بىلەن تولغان دېهقانلارنىڭ
ئامىتىدىن كۆڭلۈم يايراپ كۈلۈپ كەلدىم.
هالال ئەمگەك هۆزۈرىدىن ئېلىپ ئىلهام،
قوشاق قېتىپ مەدهىيىلەر تۈزۈپ كەلدىم.

## ئاكامنىڭ ئۆيىدە

قويۇپ شىرە ئۈستىگە
پاقلان گۆشى يامىنى.

دېدى: «ئۇكام، ئال قېنى،
شۇ ئاكاڭنىڭ تاپقىنى».

بار ئېسىمدە، ئەي ئاكا،
ساڭا كۆلپەت ياغقىنى.
قارا كۈچلەر بەختىڭنىڭ
ئۇلىغا چوت چاپقىنى.

مول بولامتى بۇنچىلىك
بۈگۈن دېھقان داسقىنى.
يېڭى تۈزۈم بولمىسا
بىزگە بەخت ئاچقىلى.

ھۆزۈرلىنىپ يېيىشتۇق،
راست ئوخشىغان ياپمىنى.
دېدۇق بۇندىن مول بولار
دېھقان ئاكام داسقىنى.

## ئەتكەن چاي

ئىچتىم ھاممام ئۆيىدە
قايماق سېلىپ ئەتكەن چاي.

دېدىم شۇندا «شۆھرىتى —
يىراقلارغا كەتكەن چاي» .

خۇددى ئاپئاق بۇلۇتتەك
لەيلەپ تۇرار قايمىقى.
سېمىز قوينى سويغاندىن
ئېغىر ئۇنىڭ سالمىقى.

ھەر چىنىسى چاي ئەمەس،
ساھىبخانىنىڭ ھۆرمىتى.
پاك قەلبتىن تامچىغان،
چىن مېھرىنىڭ شەربىتى.

1983-يىل، سىنتەبىر. قۇمۇل



# تاغ شامىلى

ھەر تاغدا كۆز تىكىپ تۇرسام گۈزەلتە،
يېقىملىق بىر شامال ئۇچۇپ ئۆتىدۇ.
قۇلىقىم تۇۋىدە ئاستا پىچىرلاپ،
چوققىدەك قەددىمنى قۇچۇپ ئۆتىدۇ.

تىك قىيا، كەڭ يايلاق، گۈل جىلغىلاردىن،
تايچاقتەك قىيغىتىپ چېپىپ ئۆتىدۇ.
رەڭگا - رەڭ گۈللەرنىڭ ئېلىپ بۇيىنى،
ئالەمگە خۇش پۇراق چېچىپ ئۆتىدۇ.

قوزغاپ ئۇ دىلىمدا ئوتلۇق ئىشتىياق،
خۇشناۋا سازىنى سازلاپ ئۆتىدۇ.
گۈل - گىيا بەستىدىن قېقىپ چاڭلارنى،
ئوتلاقلار قوينىنى چارلاپ ئۆتىدۇ.

ئۇ مېنىڭ ھەمرىيىم ھەم دىل ئارامىم.
تېنىمگە كۈچ - قۇۋۋەت بېرىپ ئۆتىدۇ.
«پولاتتەك ئىستىھكام» بولدى چىگرا دەپ،
خەلقىمگە خۇشخەۋەر ئېلىپ ئۆتىدۇ.

1971-يىل، يانۋار

# شېرىن سۆزلەر - مېھر دەرياسى

(1)

## «ئاي» دۇنياسى

ئاينى شۇنچە ئۇلۇغلايدۇ قۇمۇللۇق،
قىز-جۇۋاننىڭ سىمۋولى ئاي بۇ يۇرتتا.
چاقىرمايدۇ قىزنىڭ ئېتى تۇرۇغلۇق،
«ئاي» دەپ ئاتار ھەممىسىنى بىر كاتتا.

دېمىسىمۇ شۇنچە لېۋەن، شۇنچە ئۇز،
سۇزۇكلۇكتە خۇددى ئاينىڭ بالىسى.
ھەممىسىنىڭ كۆزى ئويناق، ئۆزى دۇز①
«ئاي» بولغاچقا ئۆز ۋاقتىدا ئانىسى.

شۇڭا مەنمۇ ئاي تۇغقان بۇ «ئايلار» نى،
تۇلۇنئاينىڭ رەناسى دەپ بىلىمەن.

---

① دۇز — خۇشچاقچاق، چېچەن.

«ئاي» ماكانى شۇ قەدىردان جايلارنى،
ئوماق «ئايلار» دۇنياسى دەپ بىلىمەن.

(2)

## «ئۆزلىرى»

دەيدۇ ئۇلار ھەر كىشىنى «ئۆزلىرى»،
مەيلى ئاتا مەيلى ئانا ياكى يات.
شۇنچە تاتلىق ۋە يېقىملىق سۆزلىرى،
سىڭىپ دىلغا ھەر جۈملىسى قىلار شات.

«ئالىسىلا» دەپ چاينى تۇتسا ئېگىلىپ،
خۇشاللىقتىن چاقنار ئاتا كۆزلىرى.
چىقار شۇ ئان ھاردۇقىمۇ يېشىلىپ،
مانا شۇنچە سېھىرلىكتۇر «ئۆزلىرى».

(3)

## ئانىلار تىلى

«ئېسەنمىكىن ئالتۇن بويلىرى؟»
دەيدۇ ئانا كۆرگەندە ھەر چاغ.

مەيدىسىدىن چۈشمەس قوللىرى،
ئېگىلىدۇ، ئېگىلگەندەك تاغ.

چېھرىدە بار مىڭ قوياش نۇرى،
سۆتىدەك ئاق ئۇلارنىڭ دىلى.
يۇيۇپ تاشلار كىر ـ داغلارنى،
ئانىلارنىڭ ھەسەلدەك تىلى.

تائەبەدكە ئۆچمەس يۈرەكتىن،
گۈزەل تىلنىڭ بەرگەن لەززىتى.
شۇ تىل بىلەن ئاشار ھەر دىلدا،
ئانىلارنىڭ ھۆرمەت ـ ئىززىتى.

1975 ـ يىل، يانۋار . ئۈرۈمچى



# قار

دېرىزەمدىن قارىسام سىرتقا
ئاق توزغاقتەك قارنى كۆرىمەن.
«ئاق قار يەرنىڭ يېپىنچىسى» دەپ
قارغا قاراپ خىيال سۈرىمەن.
ياغىدۇ قار جىمجىت - شاۋقۇنسىز،
شۇ خىسلىتىن بەكمۇ سۆيىمەن.
كۆكتە لەيلەپ يايراپ كېلىدۇ،
لەرزان ئۇسسۇل ئويناپ كېلىدۇ.

يىلدا شۇنداق چۈشىدۇ ئاق قار،
قىشلىغىلى بىزنىڭ ماكانغا.
ياتىدۇ تىنچ يەرنى باغاشلاپ،
يوپۇق بولۇپ تاغۇ - داۋانغا.
بىزنىڭ يۇرتقا ئاشىقمىكىن تاڭ،
يا خۇشتارمۇ بىزنىڭ زامانغا؟
قار كېلىدۇ - پاكلىق كېلىدۇ،
تەنگە ھۇزۇر - ساقلىق كېلىدۇ.

ئۇن - تىۋىشسىز كېلىدۇ، بىراق—
قالتىس سوۋغا ئېلىپ كېلىدۇ.
سېخىيلىقتىن پۈتۈن زېمىنگە
ئاق داستىخان يېيىپ كېلىدۇ.
تاغ بوۋايغا ئورايدۇ سەللە،
تالغا لېچەك سېلىپ كېلىدۇ.
قار كېلىدۇ - ئامەت كېلىدۇ.
ئەلگە شادلىق - راھەت كېلىدۇ.

قىشتا ئۈنسىز كەلگەنگە ئوخشاش
باھاردىمۇ جىمجىت كېتىدۇ.
ئايرىلىشقا قىيمامدىكىنتاڭ،
يەر تېنىگە سىڭىپ كېتىدۇ.
تەقدىم قىلىپ پۈتكۈل جىسمىنى
گۈلگە ئورۇن بېرىپ كېتىدۇ.
شۇنچە يۈكسەك ئۇنىڭ خىسلىتى،
شۇڭا دەيمىز يەرنىڭ بەرىكىتى.

1983-يىل، دېكابىر. ئۈرۈمچى

# دەۋرىم گۈزەل

قاپىقارا بوران ئۆتۈپ، گۈللەندى بۇ ئەل شوخلۇنۇپ،
باقىمەن دەۋرىمگە مەن ۋەسلىگە قانىماي زوقلۇنۇپ.

ماڭىمىز تۇلپار مىنىپ مەنزىلنى كۆزلەپ تېز ئۇچۇپ،
كۈچكە تولغاچ ھەممىمىز ئىلىمدە جۇتلار قوغلۇنۇپ.

يوق بۇگۈن ھەسرەت - پىغان، ئۆلكەمدە ھەردىل شادىمان،
چۈنكى باقماقتا ئەنە، بىزگە كېلىچەك چوغلۇنۇپ.

بىر تىنىنغا زارلىغان، كىيمەكتە ئەتلەس - سارجىنى،
ئەمدى تۇرمايدۇ ئۇلار جۇل - جۇل كىيىمدە مۇڭلۇنۇپ.

يايرىدى ئـالىم، ئەدىب چىققان قەپەزدىن قۇش
كەبى،
چاچقۇسى ئـەلگە گـۆھەر، كەلگەچكـە جـاھـان
ئوڭلۇنۇپ.

ئـەل گـۈزەل، دەۋرىم گـۈزەل، ئىقبـالىمىز
گۈلدىن گۈزەل،
شۇ گۈزەل ئىقبال ئـۈچـۈن چۈشتۇق چىلىشقا
روھلۇنۇپ.

1980-يىل، سىنتەبىر. ئۈرۈمچى



# «كۆتمەن سەندىن جاۋاب»قا جاۋاب

(مەرھۇم شائىر ئابدۇكېرىم خوجانىڭ «كۆتمەن
سەندىن جاۋاب» دېگەن شېئىرىنى
ئوقىغاندىن كېيىن)

«باققا كىرسەم تۇرىدۇ ئاپتاپپەرەس،
شۇنچە گۈللەر ئالدىدا يەرگە قاراپ.»
سەۋەبىنى ئا. خوجا قالدى سوراپ،
بىر دېھقان بەردى ئاڭا مۇنداق جاۋاب:

ئۇ دېدى: ئاپتاپپەرەس ئېتىز گۈلى،
چېچىكى كۈنگە باقار، يەردە غولى.
يەر ئاڭا بىرەر ئوزۇق، سۇ قانغىچە،
ئۇ ئېمەر يەرنى بوۋاقتەك كۈن - تۈنى.

نىسىتە تويغاندا دانىنىڭ ھەممىسى،
كۆز كېلىپ تولغاندا شەربەت «تەخسىسى».

چېچەكنى ئەپ قاچار كەپسىز شامال،
ئاي - قوياشقا شۇڭا قالماس ھەۋىسى.

تۇرىدۇ شۇڭا گويا ھالى خاراپ،
دان ئاتا قىلغان ئۇلۇغ يەرگە قاراپ،
ئاڭا تازىم قىلغىنى ئېگىلگىنى،
تۇرغىنى ئەمەس ئۇنىڭ «خىجىلسىراپ.»

1993-يىل، فېۋرال. ئۈرۈمچى



# قىسىنما ئانا

چاچلىرىمغا سانچىلدى ئاقلار،
قۇرامىغا يەتتى قىز - ئوغۇل.
ئۆز قولۇمدا كۆمگەن قەۋرەڭدىن،
ئۇنۇپ چىقتى تالاي قېتىم گۇل.

كۆز يېشىممۇ قۇرىدى ئاخىر،
تەقدىرىمگە بەردىم مەنمۇ تەن.
ئۇنتۇپ كېتەي دەيمەنۇ بىراق،
چۇشلىرىمگە دائىم كىرىسەن.

ئاق لىچىكىڭ گويا ئاپئاق قار،
خۇش تەبەسسۇم قىلىپ كېلىسەن،
مەن تەلپۇنگەن بىر سەبى بوۋاق.
قوچىقىڭغا كىرىپ كېتىمەن.

مەندىن ئاران ئالغىنىڭ كېپەن،
لېكىن ماڭا بەرگىنىڭ چەكسىز.

سەندە قىلچە قالمىغان ھەققىم،
مېھرىڭ ئانا دېگىنىزدۇر تەگسىز.

پانى ئالەم مۇشەققىتىنى،
تارتقانىدىڭ بىرلا مەن ئۈچۈن.
ئارامىڭنى ئالماي ئەمدى ھەم،
چۈشلىرىمنى يوقلايسەن نېچۈن؟

جەننەتتىمۇ مېنىڭ غېمىمنى،
يەۋاتامسەن ئاھ جېنىم ئانا.
بىزمۇ جەننەت قوينىدا بۈگۈن،
ئەمدى ھەرگىز قىسىنما ماڭا!

پۈت - قولۇڭنى سوزۇپ يېتىۋال،
ئارامىڭنى ئوبدان ئېلىۋال.
كىرپىك قاقماي چىققان تۈنلەرنىڭ،
ئۇيقۇسىغا ئەمدى قېنىۋال.

1991-يىل، مارت. ئۈرۈمچى

# پەرزەنت سۆزى

ئانا ئۇلۇغ، ئۇلۇغ ھەممىدىن،
ئاق سۈت بېرىپ بىزنى چوڭ قىلغان.
مېھرى دەريا، زېھنىدۇر ئالەم،
بىزگە ئەقىل بېرىپ چوڭ قىلغان.

ئېيتىڭ ئەشۇ ئانا تۇغمىغان،
قايسى دانا ياكى سۇلتاننى.
كىم كۆرۈپتۇ، يەردە، ئاسماندا،
ئانىسىز ئىنسان پەيدا بولغاننى.

ئۆسەر ھەتتا قۇشقاچ بالىسى،
شۇ ئانىنىڭ ئەمگىكى بىلەن.
قاناتسىزغا پۈتىدۇ قانات،
ئانا مېھرى - شەپقىتى بىلەن.

تەڭدىشى يوق ئانا ئەجرىنىڭ،
ئاڭا ئالتۇن - گۆھەر تەڭ ئەمەس.

دېڭىز - ئوكيان بولسىمۇ چوڭقۇر،
ئانا مېھرىدەك تېرەن، كەڭ ئەمەس.

«ئەل ئىشقىدا پەرۋانە بول» دەپ،
كىچىككىمدىن ئانام ئۆگەتكەن.
«دىيارىڭنى گۈللە، قوغدا» دەپ،
ماڭا نىشان - يولمۇ كۆرسەتكەن.

شۇ ئانامنىڭ خىتاۋى بىلەن،
قولغا قورال ئالغان جەڭچىمەن.
ئانام ئۈچۈن — ئەل بەختى ئۈچۈن،
جەڭگاھتىمەن — مەڭگۇ جەڭدىمەن.

1981-يىل، فېۋرال. ئۈرۈمچى

# سىڭلىمغا

ئاھ سىڭلىم، يۈزۈڭگە يېپىپسەن رومال،
كۆرگەندە بۇ ھالنى كۆڭلۈم بولدى لال.
نېمىشقا يوشۇردۇڭ ئايدەك يۈزۈڭنى،
يىپ رومال ئىچىگە ئەي ساھىپجامال؟

قايىنغان ھاياتقا باقماي مەردانە،
ئۆزۈڭنى دالدىغا ئالىسەن نېچۈن.
كۆردۈڭغۇ ئايالالار چىقتى ئايغىمۇ،
سەن غەپلەت ئىچىدە قالىسەن نېچۈن؟

گۈزەلسەن، ئازاد سەن ئەي ئۇيغۇر قىزى،
گۈل سىما چېھرىڭنى يېپىش نېھاجەت؟
پاكلىقنى ئىزلىسەڭ ئىزلە يۈرەكتىن،
ئۇنىڭغا ئەزەلدىن نىقاپ بىھاجەت.

ھەركىمگە تەئەللۇق قوياشنىڭ نۇرى،
گەر ھوزۇر ئالمىساڭ ئۆزەڭنىڭ شورى.

بىلگىنكى يۈزۈڭنى توسقان شۇ رومال،
دىلىڭنى چىرمىغان غەپلەتنىڭ تورى.

ئېچىۋەت يۈزۈڭنى، ئېچىۋەت سىڭلىم،
يوشۇرسۇن ئۆزىنى بولۇپ ئاي خىجىل.
يۈزۈڭدىن ئۆلگىلەر ئالسا گۈل-چىچەك،
بولغۇسى قوياشمۇ بىر ساڭا ئىجىل!

1986-يىل، ئىيول. ئۈرۈمچى



# ئۆتنە ئالەم

ھەپىلەشتى ئانا بىر ھازا،
يىپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يىڭنىگە.
پىشانىسىدىن چىقتى ھەتتا تەر،
نەچچە سۈرتتى تەرنى يېڭىگە.

يىپ كەلمەستىن كۆزگە دەل ئۇدۇل،
ئوڭغا - سولغا كېتەتتى ئېغىپ.
يىپ ئۆتمىدى، ھاردى بىچارە،
تىرىشىسىمۇ زېھنىنى يىغىپ.

كۈلۈپ كەتتى قىزى قاقاھلاپ:
— كۆرەلمەمسەن، ئاپا شۇنىمۇ؟
بەردى ئانا قىزغا يىڭنىنى،
كۈلكە قىستىدى شۇئان ئۇنىمۇ:

نېمە دېگەن ئوخشاشلىق بۇ - ھە،
ئۆزى بىر چاغ شۇنداق دېگەنتى.

ئانىسىنىڭ قاراپ ھالىغا،
قىزنىقسىنىپ راسا كۈلگەنتى.

مانا ئەمدى كەپتۇ ئۆزىگە،
يىپ ئۆتمىدى يىڭنە كۆزىگە.
بولدى قايىل قەدىمكىلەرنىڭ،
«ئۆتنە ئالەم» دېگەن سۆزىگە.

1990-يىل، سىنتەبىر. ئۈرۈمچى



# «شۈكرى قىل»

خامىنىڭغا كەتسە ئوت، كۆيسە دېنىڭ،
دان بىلەن تەڭ ئۆرتىنىپ كۆيسە جېنىڭ.
«شۈكرى قىل» دەيدۇ شۇئان كېلىپ بىرى، —
تەقدىرىڭگە شۇ پۈتۈلمىشتۇر سېنىڭ.

مېھرىبانىڭ ياتسا ئىڭراپ، تولغىنىپ،
كەتسە ھالدىن گۈل چىرايىمۇ سۇلۇپ،
«شۈكرى قىل، — دەيدۇ يەنە بىرى كېلىپ، —
يۈرگۈسى جەننەتتە گۈلگە پۈركىنىپ.»

خەق ئوزۇپ كەتسە سېنىڭدىن بەيگىدە،
سەن ئەلەم چەكسەڭ قېلىپ ھەم كەينىدە،
«شۈكرى قىل، - دەيدۇ ساڭا ھامان بىراۋ، —
بىھاجەتتۇر قالمىقىڭ ۋەسۋەسىدە.»

«شۈكرى قىل» بولدى كېشەن، بولدى توساق،
«شۈكرى» قىلدۇق ئۆتسەكمۇ تويماي قوساق.
«شۈكرى» نىڭ ئىنئامى شۇ بىلگىن بۈگۈن —
خەق ئوزۇپ كەتتى ئەنە، قالدۇق يىراق!

1988-يىل، يانۋار. ئۈرۈمچى

# ئىستىكىمىز — غايىمىز ئوخشاش

خۇشلىقىمىز، قايغۇمىز ئوخشاش،
ئىستىكىمىز — غايىمىز ئوخشاش.
ياشنار كۈندىن كۈنگە بەختىمىز،
بارچە مىللەت بولغاچ ئۈيۈلتاش.

بىر پارتىدا ئۆلتۈرار يانداش،
ئەنە لەن لەن بىلەن گۈلزىياش.
بىر-بىرىگە مېھرىبان ئىجىل،
گوياكى بىر تۇغقان قېرىنداش.

ئۇلار پەنگە يۈرۈش سېپىدە،
ئاچا - سىڭىل، ھەمدەم، مەدەتكار،
بىزنىگۈسى ۋەتەن كۆكسىنى،
بولۇپ ئاخىر بىللە ئىجادكار.

ئەنە شياۋخۇ بىلەن شىرئەلى،
ئاكوپ ئىچىدە تۇرار يانمۇ - يان.

يۈرەكلەرنىڭ ئوخشاش تېپىشى،
كۆزلىگىنى ئورتاق بىر نىشان.

ھۆر ۋەتەننىڭ چىمدىم تۇپىسى،
ئىككىيلەنگە ئوخشاشلا ئەزىز.
قوغدايدۇ جان تىكىپ ئىككىسى،
يولاتماستىن ياۋلارنى ھەرگىز.

قەدىرلىكتۇر بىزگە ئىناقلىق،
قىممىتى جان بىلەن باراۋەر.
شۇ ئىناقلىق ھېكمىتى بىزنى،
ھۆر ھاياتقا قىلدى سازاۋەر.

× ×

خۇشلۇقىمىز، قايغۇمىز ئوخشاش،
ئىستىكىمىز — غايىمىز ئوخشاش.
ياشنار كۈندىن - كۈنگە بەختىمىز،
بارچە مىللەت بولساق ئۈيۈلتاش.

1986-يىل، ئىيون. ئۈرۈمچى

## بولمىسا ...

تاغمۇ گۈمران بولغۇسى،
يەرگە تۈتاش بولمىسا.
تاغ بولۇپ تۇرماس ئىدى،
ئۇ ئۆيۈلتاش بولمىسا.

يىگىلەپ قالغاي خەمەك،
يىلتىزى توم بولمىسا.
بۆرە يەيدۇ مالنىمۇ
ئۆيۈشقاق - ئۆم بولمىسا.

گۈلنى كىم پۇرار كېلىپ،
خۇش پۇراقى بولمىسا.
گۈل باھارغا كىم كۆيەر،
ئىشتىياقى بولمىسا.

كىم باھار دەيدۇ يەنە،
گۈلى ھەر خىل بولمىسا.

سايرىغاي بۇلبۇل نېچۇن،
گۈل سۆيەر دىل بولمىسا.

مىۋە تەملىك بولمىغاي،
غولى شاخلىق بولمىسا.
ئەل نېچۈك تاپقاي روناق،
تىنچ - ئىناقلىق بولمىسا؟!

1990-يىل، فىۋرال

# كەلدى باھار

زىمىستاننى قوغلاپ بۇندىن،
باھار يېتىپ كەلدى مانا.
ئۆركەش ياساپ ئاقتى سۇلار،
كۈلۈپ كەتتى گۈل ۋە گىيا.

ئەركىن پەرۋاز قىلىپ كۆكتە،
قۇشقاچ، تورغاي سايرىشىدۇ.
ئېدىر - قىردا قوزا - ئوغلاق،
ھەر يان چېپىپ يايرىشىدۇ.

ئالما - ئۆرۈك قىلىپ پەرداز،
ئاپئاق چېچەك قىسىشىدۇ.
ئاق تېرەك ھەم سۆگەتلەرمۇ،
تەڭگە جالا ئېسىشىدۇ.

ئېيتار غەزەل جەڭچىلەرمۇ،
باھار ئۇچۇن يۈرەكلەردىن.
دىلدا باھار ياساپ تاغدا،
تۇرار ئۇلۇغ تىلەكلەردىن.

1988-يىل، ئاپرېل. ئۈرۈمچى

# كۆكتىن چۈشەر ئاق شايى

(ئۈرۈمچى تېرەكلىك غول شاقىراتمىسىغا)

چۈشەر كۆكتىن سوزۇلۇپ ئاق شايىدىن پەردە
گويا،
ئۈنچىدىن مۈنچاق ئېسىپ كۈلۈپ تۇرار گۈل ۋە
گىيا.

ئاستىدا قىز ۋە يىگىت باقىدۇ گىرەلىشىپ،
شۇ ئىلاھى مۆجىزە قىلغاچ ئۇلارنى مەھلىيا.

كۆر ئــەنــە تاشلاردا مۇخ، ئوخشار گويا كىمە-
خاپقىلا،
چۆمــۈلۈپ چىققۇڭ كېلۇر ھەم، سۇيىگە شــۇ
تاپتىلا.

بــىلــمىدىــم، پــەرىشــتىلــەرنىڭ سـەيلىگــاھى
شــۇمىكىن،
بىر كۆرۈپ قەلبىم مېنىڭ بولدى كــۆيۈككــە
مۇپتىلا.

1985-يىل، ئىيون. تېرەكلىك غول

# گۈل تەكچە

چىن يۈرەكتىن تەلپۈنۈپ،
كەلدىم ساڭا گۈل تەكچە.
بىر سۆيۈنۈش قاپلىدى،
ۋۇجۇدۇمنى بۆلەكچە.

پۈركۈنۈپسەن بىراقلا،
رەڭدار كىمخاپ يوپۇققا،
تۇتۇشۇپتۇ قىرغىقىڭ،
زەر جىيەكلىك ئوپۇققا.

ئاسمانمۇ گۈل، يەرمۇ گۈل،
جىرامۇ گۈل، قىرمۇ گۈل.
كەڭ قوينۇڭدا يايرىغان،
يىگىتمۇ گۈل، قىزمۇ گۈل.

نامىڭ سىنىڭ گۈل تەكچە،
يارىشىپتۇ بۆلەكچە.
نامىڭ ئەمەس سىياقىڭ،
بولدى نەقىش يۈرەككە!

1986-يىل، ئاۋغۇست. گۈلتەكچە

# كۆلگەك يۇلتۇزلار

ئايدىن كېچىدە تۇرىمەن پوستا،
كۆكتە چاقنىغان يۇلتۇزغا بېقىپ.
بۇلۇتلار يېرىپ قىلىدۇ سەيلى،
گاھى تولۇن ئاي كۆمۈش نۇر چېچىپ.

قىشۇ - ياز شۇنداق ھەمرادۇر ماڭا،
چىمىرلىغان شوخ يۇلتۇز بىلەن ئاي.
نەگىلا بارسام بىللە ھەر قاچان،
باقىدۇ ئۇلار ماڭا خۇشچىراي.

يۇلتۇزلار كۈلگەك، مىجەزى بەلەن،
ھەر تۈن چاراقلاپ كۈلگىنى كۈلگەن.
كۆزلىرىمۇ ھېچ تالمايدۇ قاراپ،
يەرنىڭ يۈزىگە چىن مېھرى بىلەن.

كۈلىدۇ پەقەت، كۈلىدۇ ھارماي،
قوياش چىققىچە يۇمماي كۆزىنى،
بەلكى ئاشىقتۇر جەڭچىگە ئۇلار؟
ئېيتماس ئەزەلدىن يۈرەك سۆزىنى.

1986-يىل، ئىيۇن

# ئەمگەك بىلەن ئۆتسەم
# بىر ئۆمۈر

ئەمگەك بىلەن يارالغان دۇنيا،
بۇ ھەممىگە ئايان ھەقىقەت،
سائادەتكە ئەمگەكتۇر ئانا،
ئەمگەك بىلەن گۈللەيمىز ئەبەد.

ئىپتىخارچۇ قايسى مۆجىزە،
يارىلىپتۇ ئەجىر-ئەمگەكسىز؟
گۈل - چېچەككە تولماس جەزىرە،
گۈزەللىكمۇ بولماس مېھنەتسىز.

خانتەڭرىدەك ھەيۋەت بىنالار،
ئەمگەكچىنىڭ قولىدا پۈتكەن.
بەختى كۈلگەن غۇنچە سىمالار،
ئەمگەك بىلەن ۋەسلىگە يەتكەن.

چىقتى بۈگۈن ساماغا ئىنسان،
ئىلىم - ئەمگەك ھىكمىتى بىلەن.

ئىنسان قەدرى ئۆلچىنەر ھامان،
ئەمگىكىنىڭ قىممىتى بىلەن.

شۇدۇر مېنىڭ بەختىم - خۇشلۇقۇم،
ئەمگەك بىلەن ئۆتسەم بىر ئۆمۈر.
زەر — نۇر چېچىپ قالسا ئىجادىم،
بولۇپ تاشقا بېسىلغان مۆھۈر.

1989-يىل، ماي

# يىللار ئالدىراش

سەن ئالدىراش، مەنمۇ ئالدىراش،
ھەممىمىزدىن يىللار ئالدىراش.
ئۆتۈپ كەتتى ساناقسىز يىللار،
ئەمدى چىلگ تۇت ئۇنى قېرىنداش.

كېلىدۇ — دە، كېتىدۇ دەرھال،
يىل ئالدىراش مېھمانغا ئوخشاش،
تۇتۇق بەرمەس ئاسانلىقچە ئۇ،
خۇددى توسۇن تايدەكلا بەڭۋاش.

ئۆزى كەتسە مەيلىدى، بىراق —
ياشلىقىڭنى ئېلىپ قاچىدۇ.
ئاق چېچەكنى يالداما قىلىپ،
بېشىڭغا ئۇ چاچقۇ چاچىدۇ.

يەنە بىر يىل كەلمەكتە يېتىپ،
خۇددى ئۇچقۇر دۇلدۇلدەك چېپىپ.

گەر ئۆنىڭغا سالمىساق يوْگەن،
ئاتقان ئوقتەك قالىدۇ كېتىپ.

يىللار شۇنداق پايلاپ كېلىدۇ،
بىزدىن ئولجا ئېلىپ قاچقىلى.
ئايلارنى ئوق قىلىپ، ئۆمۈرنىڭ —
بۇرجىكىدىن يوچۇق ئاچقىلى.

تۆھپىلەردىن ياسايلى مارجان،
يىل بوينىغا ئېسىپ قويغىلى.
گاڭ مۆھۆرنى تۇتايلى مەھكەم،
ماڭلىيىغا بېسىپ قويغىلى.

بىز ئالدىراش، يىلمۇ ئالدىراش،
يىل چاقىرار بىزنى بەيگىگە.
قېنى دوستلار يېڭەيلى ئۇنى،
يىلدىن بۇرۇن يېتىپ پەللىگە.

1982-يىل، دېكابىر

# قېيداپ يۇرمەسمەن يىللاردىن. . .

قىلىشۇر ھەممەيلەن تەنتەنە،
يېڭى يىل كەلدى، دەپ كۆر ئەنە.
قۇتلۇقلاش يېڭى يىل كەلسىلا،
قاچاندىن قالغان بوپ ئەنئەنە؟

يىللارنىڭ قۇچىقى كەڭ كېلۇر،
ئۆمۈرگە ئېكىكى تەڭ كېلۇر.
سالۇر ئۇ ھەر كەلسە بىر ئېكەك،
جانلارغا بەجايى جەڭ كېلۇر!

ھەيرانمەن ئويلىسام بۇ ئىشقا،
يىغلىماي، كۈلىمىز نېمىشقا.
كەلسە ئۇ ئۆمۈرنىڭ بېغىدىن
گۈللەرنى ئۈزۈپلا قېچىشقا؟!

بۇنىڭغۇ ھەر ئادەم بىلىدۇ،
يەنىلا شادلىنىپ كۈلىدۇ.

چۈنكى يىل قويندا ھەممەت مول،
ئىنسانغا قۇت تۆكۈپ كېلىدۇ.

شۇڭا بىز سۆيىمىز يىللارنى،
يېڭى يىل تارتىدۇ دىللارنى.
قويمايدۇ نا ئۈمىد ھېچقاچان،
شىجائەت، غەيرىتى چىڭلارنى.

ئادەمگە يىل مەنسۇپ بولغۇسى،
شۇ ئىكەن ئويلىسام توغرىسى.
قېيىداپ يۈرمەسمەن يىللاردىن
دەپ ئۇنى «ئۆمۈرنىڭ ئوغرىسى».

1993-يىل، ئىيۇل. ئۈرۈمچى

# تورغاي

كۆكتە پەرۋاز قىلاتتى تورغاي،
گاھى ئۆرلەپ، گاھىدا پەسلەپ.
دۆڭدە قەپەس تۇرار قەبرىدەك،
ئىچىدە دان، تورغاينى قەستلەپ.

كۆك ئەركىسى ئوماق تورغايىنىڭ،
كۆزى بىردىن چۈشتى قەپەزگە.
كۆردى داننى، قوزغالدى نەپسى،
ئاستا - ئاستا چۈشتى ئۇ پەسكە.

كىچىك ئىشىك تۇراتتى ئۇچۇق،
تۇرغايجاننى قوينىغا چىللاپ.
«بىر بالاسى بولمىسا بۇندا،
دان نە قىلۇر» دىمىدى ئويلاپ.

دانغا ئەمدى سوزغاندا بويۇن،
«تىرىق» قىلدى، يىپىلدى ئىشىك.

ئۆزى مېڭىپ كىردى بىچارە
كىردى مانا دوزاققا تىرىك.

خۇشاللىقتىن قۇشچىنىڭ شۇئان،
بولدى كۆككە يەتكەندەك بېشى.
تورغاي ھەر يان ئۇرار ئۆزىنى،
كۆزلىرىدە پۇشايمان يېشى.

1989-يىل، مارت



# تاشتەك گۈلى

يەردە ئۆسكەن لالىلەر، گاھى —
ھەۋەس قىلار تاشتەك گۈلىگە.
ئۇنىڭ ئېگىز جايدا تۇرغىنى،
مەپتۇن قىلار بەلكىم ئۆزىگە.

لېكىن بىلمەس لالە ئەزەلدىن،
تاشتەكتىكى گۈلنىڭ ھالىنى.
كېچە - كۈندۈز ھەسرەتتە ئۇنىڭ،
سېغىنغىنىن يەرنىڭ باغرىنى.

ئۇ بىراۋنىڭ خۇشلىقى ئۈچۈن،
كۆزىدە ياش تۇرار ئېچىلىپ.
يىلتىزلىرى قىسماق ئىچىدە،
ئۆمۈر بويى تۇرار قىسىلىپ.

لالە ئاڭا قىلمايتتى ھەۋەس،
ئەگەر ئوبدان بىلسە بۇ ھالنى.
ئۆز يېنىغا ئالاتتى تارتىپ،
تاشتەكتىكى جېنى ئۇۋالنى.

1989-يىل، ئاپرىل

# ھەيرانمەن

قارىسام مەن كېزىپ جاھاننى،
راست سۆزلىگەن تارتىپتۇ زىيان.
بويامچىنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ،
بىلەلمىدىم، بۇ قانداق جاھان؟!

ئەسكى مىستىن ياساشسا قىلقاش،
جىڭ ئالتۇندىن سوقۇشار ناھال.
ئەلمىساقتىن كەپتىكەن شۇنداق،
ئەمدى قاچان ئۆزگىرەر بۇ ھال؟

«نەقىسمەت بۇ» دەيمەن ئۆزەمچە،
گاھى ئويلاپ بولىمەن ھەيران.
ئىشلار شۇنداق ماڭسا تۈزەلمەي،
تاجۇ - تەخت بولمامدۇ ۋەيران؟!

1977-يىل، سىنتەبىر. ئۈرۈمچى

# بۆركۆتكە قاراپ

ئۇلتۇرار ھەيۋەتلىك بىر قىران بۆركۆت،
كېرىلگەن كۆكرىگى ئاجايىپ مەغرۇر.
ئۇرغۇيدۇ يىراققا تىككەن كۆزىدىن،
ئاڭا پۈتۈلگەن شىجائەت - غۇرۇر.

دېدىم مەن ئىچىمدە قاراپ بۆركۆتكە:
«ياشىسا ئادەممۇ خۇددى بۆركۆتتەك،
بوران ھەم چاپقۇنغا قىلمىسا پىسەنت،
ئۆتمىسە ئىچىدىن سىبىسىپ ھۆپۈپتەك»

1990-يىل، نويابىر

# غەلىتە ئىشلار

يەر يۈزىدە غەلىتە ئىش كۆپ،
كۆرگىنىڭدىن كۆرمىگىنىڭ كۆپ.
تۆگە تۇرار بىر تال شوينىدا،
كەتمەي ئۇنى سىلكىپلا ئۈزۈپ.

چۆمۈلىلەر يۈرەر ھەر دائىم،
ئۆزىدىن چوڭ يۈكلەرنى يۈدۈپ.
گاھ چۈشىدە قالار ئىشەككە،
بىر چىرايلىق مۈڭگۈزلەر ئۈنۈپ.

چۈش بولسىغۇ مەيلىدى، بىراق —
راست مۈڭگۈزلۈك ئىشەكلەرمۇ كۆپ.
چىقسا مۈڭگۈز ھەممە ئىشەككە
ساق قويامدۇ ئىنساننى ئۈسۈپ؟

1976-يىل، ماي. ئۈرۈمچى

# ئانا پىغانى

پېشمۇ قىرىقتىن ئەمدى ھالقىغان،
چېھرىدە ئانىلىق مېھرى بالقىغان.
بىر چوكان ئۆكسۈيدۇ، قىلىدۇ ناله،
دىلىنى بىر ئەلەم - ھەسرەت قاپلىغان.

نۇرىنى يوقاتقان بۇلاقتەك كۆزى،
ياش بىلەن يۇيۇلار سۇلغۇن گۇل يۈزى.
لېۋىگە ھەمىشە مېھماندۇر تىترەك.
ئۈزۈلگەن ياپراققا ئايلانغان ئۆزى.

ئويلايدۇ: «ماڭا بۇ نە قىسمەت، كۆرۈم؟»
تىلەيدۇ خۇدادىن ئۆزىگە ئۆلۈم:
«ئەي خۇدا، — دەيدۇ ئۇ، — سورا مەھشەردە،
سەن تىرىك بەندەڭگە سالمىغىن زۇلۇم!»

يۇلتۇزلار چاراقلاپ كۈلگەن تۈنلەردە،
ئانا يەر شادلىققا چۆمگەن كۈنلەردە.
غېرىپلىق، مىسكىنلىك ھەمراھ دائىما،
يىگانە كىيىكتەك يۈرگەن چۆللەردە.

قاناتلىق خىياللار ئەپ قاچار ھەر يان،
تېنىدە يوق ئۇنىڭ قىلچە كۈچ - دەرمان.
يۇمۇلغان كۆزلىرى ئۇيقۇدىن بىدار،
پىرقىرار قوشۇلۇپ يەر بىلەن ئاسمان.

كېلىدۇ ئالدىغا ئوغلى ئەركىلەپ،
بەزلىمەك بولىدۇ ئۇنى پەپىلەپ.
ئاھ، بىراق بۇ بىر چۈش، ئۆتمۈشتىكى چۈش،
ھەر كۈنى يېڭى دەرت كېلەر پەتلەپ.

ئارزۇلاپ ئۆستۈرگەن ئوغلى يالغۇزى،
ھاياتلىق تۈۋرىكى، ئۈمىد يۇلتۇزى.
ئايلاندى ئالۋاستى يېمىگە بۈگۈن،
سىياقى رۇستەمچە، چېچى قۇندۇزى.

ئانىنىڭ گېلىغا تەڭلەپ پىچاقنى،
تۈتۈندە شۈمۈرۈپ بولدى بىساتنى.
قالمىدى زەررىچە ۋاپا ھەم ھايا،
بىلىشى چېكىشتۇر، قىلماس ھېسابنى.

«ئاق» چېكىپ بولغاندى ئاق سۈت ئەمگەن ئەر،
بولغاندى شۇ ئانا تۆككەن ھالال تەر.

بۇلغاندى ئىمان ھەم بۇلغاندى ۋىجدان،
قوينىغا ئېلىشتىن يىرگىنىدۇ يەر.

بىر ئۆمۈر تۆكسە ئۇ بىھۇدە قان - تەر،
بولسا ھەم يۇتقىنى ئوغايۇ - زەھەر.
داغلانماي قالامتى ئىچ باغرى ئوتتا،
يىرگەنسە ئوغلىدىن ھەتتا ئانا يەر؟

قېنى شۇ ئانىنىڭ ئوقۇتقانلىرى،
شام بولۇپ دىلىنى يورۇتقانلىرى،
ماختالسا جەننەتكە كىرگەندەك بولۇپ،
سەھۋىنى چوڭ ۋۇلسا يوپۇتقانلىرى؟!

ئاھ، بۈگۈن ئانىنىڭ كۆز ئالدى تۇمان،
دىلىنى يىلاندەك قىينار بىر گۇمان:
«نېمىشقا بۇزۇلدى يول - يوسۇن بۇنچە،
گۇناھكار زادى كىم، قايسى بىر شەيتان؟»

نېمىشقا توزغاقتەك توزىدى ئارمان،
نېمىشقا گۈل يۈزلەر ساغايغان سامان؟...
سۇئاللار چىرمىشىپ بولار گادىرماش،
ئانىنىڭ قەلبىدە ۋۇلقاندۇر پىغان...

1994-يىل، ئىيون. ئۈرۈمچى

# شاتلىقىم قېنى، تاتلىقىم قېنى. . .

مېنىڭ «ئەركەتاي» ئاتلىقىم قېنى،
ئۆمۈت يۇلتۇزۇم، شاتلىقىم قېنى.
بىر چاغ كۆلبەمگە چۈشكەن نۇر بولۇپ،
ئوماق پەرىشتەم، تاتلىقىم قېنى.

× ×

ئۆيگە كىرگەندە كۈلسەڭ ئەركىلەپ،
مېنى چۆگىلەپ يۈرسەڭ ئەركىلەپ.
ئات بوپ بېرەتتىم مىنسەڭ ئەركىلەپ،
مېنىڭ شۇ ئەركە پاقلىنىم قېنى.

كىتاب چۈشمەيتتى قولۇڭدىن هامان،
سەندە بار ئىدى غايە ۋە نىشان،
ئاخىر يەم قىلدى نجىس ئاق تۇمان،
گۈزەل ئىستىكىڭ، ئارمىنىڭ قېنى؟

ئالىم، ئىنژېنېر بولىمەن دەيتتىڭ،
بىر كۈن سامادا ئۈچىمەن دەيتتىڭ.

ئاينى، يۇلتۇزنى قۇچمەن دەيتتىڭ،
مېنىڭ شۇڭقارىم، پالۋىنىم قېنى؟

يەتمەي ۋايىغا قالدىڭ يىگىلەپ،
سېنى ئالۋاستى ئالغاچ ئىگىلەپ.
زار - زار يىغلايدۇ ئاناڭ كېچىلەپ،
ئەملەشكە سېنى لوقمىنىم قېنى؟

سەندە يوق بۇگۈن ياشلىقتىن ئەسەر،
تۇرقۇڭ — ئوزايىڭ بوۋايدىن بەتتەر.
ئەنە سوڭدۇشۇپ يۈرىدۇ ئەجەل،
كۆلگەن باھارىڭ — ياشلىقىڭ قېنى؟

سەندىن تېپىلماس ئىنسانغا خاس روھ،
ئەمەسسەن ئادەم، گويا تىرىك روھ،
قىمار ھاياتىڭ، تىكتىڭ جاننى دو،
سۆرۈك — يىگىتلىك ماجالىڭ قېنى؟

قالمىدى سەندە ھايا ۋە ئىمان،
قىلدىڭ سەن بىزنى شۇ قەدەر ۋەيران.
ئۆتەر كۆنىمىز غەملىك پەرىشان،
قېنى ئەي ئوغۇل، ۋىجدانىڭ قېنى؟

كۆككە سورۇدۇڭ يىغقان پۇلۇمنى،
گىلەم، تېلېۋىزور، كالا، قويۇمنى.
بىزار ئەيلىدىڭ قوشنا - قولۇمنى،
ئەمدى ئىززىتىم، ساۋابىم قېنى؟

ئۇزۇك ۋە ھالقا، ھەتتا تام سائەت،
قالمىدى بىزدە، بولدۇڭ بىر ئاپەت.
قالدۇق يالىڭاچ، تۈگىدى تاقەت،
بۇنداق ئاپەتكە ئامالىم قېنى؟

ئۆرتەر يۈرەكنى دەرت - ئەلەم ئوتى،
زايا كەتتىغۇ ئاناڭنىڭ سۈتى.
ئازاپ ۋە ئىزا ياردۇر كۈن - تۈنى
قېنى ئاھ قېنى، ئىنسابىڭ قېنى؟

سېنى ئوت يۈرەك ئەر بول دەپتىمەن،
بەختىڭنى تىلەپ غەملەر يەپتىمەن.
ئاخىر مۇشۇنداق كۈنگە قاپتىمەن،
ئىسىت، ئاناڭغا ۋاپايىڭ قېنى؟

بولساڭ شىر يىگىت قامىتىڭ شەمشاد،
قانچە خۇش بولۇپ كېتەتتىم، ھەيھات!

تىلەپ ئاللادىن قىلمايتتىم، پەرياد:
«ئالغىن بۇ جاننى، پەرمانىڭ قېنى؟»

× ×

مېنىڭ «ئەركە تاي» ئاتلىقىم قېنى،
ئۈمىد يۇلتۇزۇم، شاتلىقىم قېنى.
بىر چاغ كۆلبەمگە نۇر بولۇپ چۈشكەن،
ئۇماق پەرىشتەم، تاتلىقىم قېنى؟!

1995-يىل، فېۋرال. ئۈرۈمچى



# دەيدۇ ئەمدى كىممۇ سېنى
# ئۇماق قىز

(ئـاق چېكىپ گـۈزەل رۇخسـارىنى نابۇت قىلىپلا قالماستىن، قىممەتلىك ھاياتىنىمۇ قەدىرلىمەيۋاتقان نادان قىزلارغا
يۈرەكتىن سۆز)

تېخى بۇلتۇر شۇ كەملەردە مەن سېنى،
يەر يۈزىگە ئاي بولۇپسەن دېگەنىغۇ،
گۈل چىرايىڭ ھەجەپ ئۇماق قۇلۇنۇم،
تولۇنئايدەك زەپ تولۇپسەن دېگەنىغۇ.

يۈزلىرىڭدە مىڭ قۇياشلىق نۇر - زىيا،
كۆزلىرىڭدە پۈتۈن ئاسمان چاقنىقى.
ئەيمىنەتتى نى يىگىتلەر سېنىڭدىن،
تەس ئىدىغۇ تىكىلىپ تىك باقمىقى.

سىرتقا چىقساڭ ئاناڭ چىقىپ كەينىڭدىن،
سىما - سايەڭ يىتكىچىلىك قارايتتى.
چاچلىرىڭنى ئوخشىتاتتى بۇلۇتقا،
بەش بارمىقى تارغاق ئىدى - تارايتتى.

قاش تېشىدىن سۆزۈك ئىدىڭ ئاقلىقتا،
پەرىشتىدىن قېلىشمايتتىڭ پاكلىقتا.
يارىشاتتى ئاق بىلەككە بىلەيزۈك،
ھاۋادىكى لاچىن ئىدىڭ سايلىقتا.

توپلەيلىرىڭ تاقىلىدىسا رىتىملىك،
ئارا تامدا ئاشنا يىگىت كۆيەتتى.
ئېيتالمايتتى ئىچ سىرىنى ساڭا ئۇ،
لېكىن سېنى چىن دىلىدىن سۆيەتتى.

بىرلا ئەمەس كۆرمىڭ يىگىت چۆرەڭدە،
كېيىنەكتەك ھامان ئەگىپ يۈرەتتى.
بىلەتتىڭ سەن بۇلارنى ھەم ئىچىڭدە،
يۈرىكىڭدە كىبىر ھۆكۈم سۈرەتتى...

بىر يىل ئۆتتى، ئۇشبۇ پەلەك كىمىسى،
يەنە ئېلىپ كەلدى مېنى قېشىڭغا.

كۆرۈپ سىنى كەتتىم شۇنچە ئەندىكىپ،
بىر قاپاق سۇ قۇيۇلغاندەك بېشىمغا.

قېنى بۇلتۇر كۆرگەن ئەشۇ گۈزەل قىز،
قېنى ئۇندا جۇشقۇنلىغان ئارمانلار؟
قېنى ئەمدى گۈل سىياقلىق گۈل بويۇن،
قېنى ئۇندا يالتىرىغان مارجانلار؟

قېنى ئەمدى مايسە مىسال بوستان چاچ،
قېنى ئەمدى ئاقا كۆيگەن يىگىتلەر؟
قېنى ئەمدى جانغا ئوقيا قەلەمقاش،
قېنى ئەمدى كۈتكەن تاغدا كېيىكلەر؟

بىلەيزۈكلەر جىرىڭلىغان ئاق بىلەك،
قان - يىرىڭلىق جاراھەتكە تولۇپتۇ.
قۇياش نۇرى چاقنىغان گۈل يۈزلەرگە،
پوتلا، قۇسۇق - نىجاسەتلەر قونۇپتۇ.

بىھىش ھىدى گۈپۈلدىگەن تىنىقلار،
ئالمىشىپتۇ ئەمدى بەدبۇي پۇراققا.
ئەتراپىڭدا گىژىلدايدۇ چىۋىنلەر،
تىرىك پېتى چۈشۈپسەنغۇ دوزاققا.

نابۇت قىلدىڭ سەن نېمىشقا ئۆزۈڭنى،
باھارىڭنى غازاڭ ئەيلەپ شۇنچە تېز؟
ئۇنتۇلۇپتۇ «ئوماق» دېگەن ئىتىڭمۇ،
دەيدۇ ئەمدى كىممۇ سېنى ئوماق قىز؟

قىزچاق ھەجەپ بىر سەپەرگە مېڭىپسەن،
چىقىپ ئاخىر «ئەجەل» ناملىق كېمىگە.
ھايات قىممەت، ھايات گۈزەل ھەممىدىن،
تېگىشتىڭسەن ئۇنى قانداق نېمىگە؟

يار بويىغا كەلدى ئىتىڭ نادان قىز،
ئاق تۇتۇندۇر تېگى يوق ھاڭ بىلىنۋال.
يەر شارىنىڭ قوينى كەڭرى ھەم گۈزەل،
ئويغان ئەمدى، يار لېۋىدىن يېنىۋال!

# شاراب

ئەييامنى ياد ئېتەر شاراب،
غەش كۆڭۈلنى شاد ئېتەر شاراب،
گادايلارنى شاھ ئېتەر شاراب،
غورىلارنى قاق ئېتەر شاراب.

زەرداپ بىلەن تولسا ئىچىمىز،
«سالامەتلىك ئۈچۈن» ئىچىمىز،
رەقىبلەرمۇ «دوست» بوپ كېتىمىز،
جىننى پەرى كۆرسىتەر شاراب.

چاڭقىغاندەك يۇتۇپ كېتىمىز،
«تاتلىقى» دەپ تۇتۇپ كېتىمىز،
بارچە غەمنى ئۇنتۇپ كېتىمىز،
مۆرىمەسنى مۆرىتەر شاراب.

ساراڭلارچە كۈلۈپ كېتىمىز،
قۇچاقلىشىپ سۆيۈپ كېتىمىز،

مەجنۇن بولۇپ كۆيۈپ كېتىمىز،
«مۇھەببەت»نى ئۆرلىتەر شاراب.

كۆڭۈل ئىزھار قىلىپ كېتىمىز،
ماختاشلارغا قېنىپ كېتىمىز،
پو ئېتىشىپ ھېرىپ كېتىمىز،
ھۆل كېسەككە دەسسىتەر شاراب.

ھەرەڭ - سەرەڭ تونۇلاپ كېتىمىز،
بۆرىلەردەك ھۇۋلاپ كېتىمىز،
مومدەك ئېرىپ يىغلاپ كېتىمىز،
تاش يۈرەكنى ئېرىتەر شاراب.

پۇت سۇنمايمىز يوتقانغا بېقىپ،
ئىچىشىمىز تاپقاننى چېچىپ،
ھەتتا بەزەن قېنىمىز سېتىپ،
تاتلىق جاندىن كەچكۈزەر شاراب.

قالار چەتتە پاشا، ئىمىنجان، ①
كاكىراشاق بولۇپ بىر نىمجان،
ئەرشتە سەيلى قىلۇر شېرىنجان،
بۇلبۇل كەبى كۈيلىتەر شاراب.

تانسىلارنى ئويناپ كېتىمىز،
خېنىملارنى بېزار ئېتىمىز،
ئۆي ۋە زالنى باشقا كېيىمىز،
ئار-نومۇستا ئۆلتۈرەر شاراب.

سۈرۈشتۈرۈپ تونۇشلۇق - يۇرتلۇق،
تىلىشىمىز ئامانلىق، قۇتلۇق،
بوپ قالىمىز بىر چاغ تۆت پۇتلۇق،
ئادەملىكتىن بەزدۈرەر شاراب.

قۇسۇقلارغا مىلىنىپ ئاخىر،
يۇندىلارغا چىلىنىپ ئاخىر،
ساق تېنىمىز تىلىنىپ ئاخىر. . .
مىڭبىر تۈۋا دېگۈزەر شاراب.

ياقىلاردىن ئالىمىز گاھى،
قاش - قاپاقنى يارىمىز گاھى،
پەيچۇسوغا بارىمىز گاھى،
كۆرمىگەننى كۆرسىتەر شاراب. . .

1997-يىل، ئاۋغۇست. ئۈرۈمچى

---

① ئاتاغلىق ناخشىچى پاشا بىلەن ئىمىنجان

# پايتەختتە نورۇز

ئويغىنىپتۇ ئېتىز ھەم دالا،
مەجنۇن تالنىڭ چېچىدە جالا.
قاتار - قاتار كېلۇر تۇرنىلار،
باھار ئېلىپ قاناتلىرىدا.

دەل - دەرەخنىڭ غىچىرلىشىدا،
قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلىشىدا.
بىر خۇشلۇقنىڭ ئالامىتى بار،
قىز - يىگىتنىڭ پىچىرلىشىدا.

كۆك كەپتەرلەر ئۇنلىشەر خۇشال،
سېغىزخانلا قوغلىشار خۇشال.
ئىشىكنى كەڭ ئېچىپ مومايلار،
ھويلىلاردا مۇڭدىشار خۇشال.

تيەنئەنمېننىڭ كۆكىدە لەگلەك،
پايتەختكە بولۇپتۇ بېزەك.
چىمەن دوپپا كىيگەن قىز - ئوغۇل،
باش باھاردا ئېچىلغان چېچەك.

زىجۇ يۇندە راۋاپ سايرايدۇ،
ھەممە يەردە بەزمە قاينايدۇ.
پايتەختنىڭ كۆكسىدە بۈگۈن،
شادىيانە مۇقام ياڭرايدۇ.

پايتەختكە نورۇز كېلىپتۇ،
شۇڭا شادلىق جەۋلان قىلىپتۇ.
ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ھەم تاتار،
سورۇن تۈزۈپ، ساما سېلىپتۇ.①

نورۇز شۇنداق ئوبدان كېلىدۇ،
قويندا قۇت چەندان كېلىدۇ.
كائىناتنى سۆيۈپ ئويغۇتۇپ،
باھار ئاتلىق جانان كېلىدۇ.

كەل جانانىم، گۈلدەك كۈلۈپ كەل،
مەن كۆيگەندەك سەنمۇ كۆيۈپ كەل.
تىنىقىڭدىن پۈركىگىن ھايات،
قۇچىقىڭدىن ئامەت تۆكۈپ كەل.
1995-يىل، مارت. بېيجىڭ

---

① 1995-يىلى نورۇز كۈنى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا داغدۇغىلىق تەبرىكلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، ھەر مىللەت ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى ساماغا چۈشتى.

# كۆزۈك بىر دۇنيا

ئەي دىلبەر، يۈرىكىڭ ماڭا تىلسىمات،
سالىدۇ مىڭ ئويغا ئېيتقان ھەر سۆزۈڭ.
نە ئۈچۈن ساڭىلا ئامراق كائىنات —
بىلمىدىم، نە قىسسە سۆزلەيدۇ كۆزۈڭ؟

ئوخشاتسام ۋىناسقا بىلەكلىرىڭ تەل،
سەن لەيلى، يا شېرىن، سەنەممۇ ئەمەس.
دىلىمدا بىر ئېقىن ئاقار بولۇپ سەل،
(ئىشەنگىن دىلىمدا ھالاللىق پەۋەس)

قىزىقتىم نېمىشقا ساڭا شۇنچىلىك،
بۇ كەڭرى جاھاندا نازىنىن ئازمۇ؟
كۆزۈڭگە نە سېھىر يىغدىڭ بۇنچىلىك،
بىر يۇمساڭ يوقىلار باھارمۇ، يازمۇ.

قالىمەن گاھىدا يوشۇرۇن بېقىپ،
كۆزۈڭ جۇپ قۇياشتەك كۆرىنەر گويا.
تىترەيدۇ ھۇجۇدۇم، سۆزۈمدىن ئېزىپ،
ئازدۇرغان شۇ كۆزۈڭ سىرلىق بىر دۇنيا!
1992-يىل، ماي. ئۈرۈمچى

# سۆرەت

«سۆرەت بېرەي» دېدىڭ، «ياق» دېدىم،
قىياق ئارا بالقىدى شەبنەم.
بىلدىم، شۇئان مەندىن رەنجىدىڭ،
بۇلۇت كېلىپ توستى ئاينى ھەم.

رەنجىمىگىن، چەكمىگىن پىغان،
قارىچۇقۇم ئالى ئاپپارات.
كىچىكىمدىن سېنىلا تارتقان،
يۈرۈكۈمنى قىلىپ ئىسكىلات.

تەسەۋۋۇرۇم بىپايان ئېكران،
ھەمراھ ماڭا ھەردەم سۆرىتىڭ.
شۇ ئېكراندا بولار نامايەن
قىلىقلىرىڭ، سىما - سۆلىتىڭ.

جانسىز گەۋدەڭ ماڭا نە كېرەك،
تۇرساڭ دىلدا تىرىك ھەممە ۋاق.
يا قىينىسۇن دەمسەن ئۇ مېنى،
ھەر كۆرگەندە سېلىپ ئوت - پىراق؟

1970-يىل، ماي. قۇمۇل

# ئۇنتۇلمايدۇ بىز ئېيتقان كۈيلەر

بەللەرنى باغلاپ مەزمۇت كەمەردە،
قىلاتتۇق مەشق كۈندە سەھەردە.
مۇرىدە مىلتىق، دۈمبىمىزدە يۈك،
تاغلار سىلكىنەر ئىدى قەدەمدە.

ماشرەڭ شۇ كىيىم يارىشاتتى زەپ،
ھەيۋەتلىك بىر تاغ ئىدى بىزنىڭ سەپ.
ئۆتسەك كوچىدىن تولۇلىشىپ ئوران،
زوقلىناتتى ئەل «سۇرلۇك قوشۇن» دەپ.

مەرتنى مەيداندا سىنىشاتتۇق بىز،
مۇشكۇل، خەتەرنى تالىشاتتۇق بىز.
ۋەتەن يولىدا ئۆزىمىزنى ھەم،
ئۇنتۇپ، دېڭىزغا ئېتىشاتتۇق بىز.

يۈرەكلەر ئىدى يالقۇنلۇق گۈلخان،
دىلدا پەۋەستى ساپ، ساددا ئارمان.

ئۆزگە ئىستەكلەر يات ئىدى، پەقەت،
سۆيىنەتتۇق بىز ئەل بولسا ئامان.

بىزلەر ساقلىغان ئالتۇن تاغلارنى،
بىزلەر يارانقان گۈزەل باغلارنى.
ئۆتكۈزۈپ بەردۇق ئەۋلادقا بۈگۈن،
قورالغا قوشۇپ ياشلىق چاغلارنى.

ئەجەپ مەنىلىك ئىدى شۇ كۈنلەر،
ئۆتتى ئالمىشىپ كۈن بىلەن تۈنلەر.
قىرو قاپلىدى ئاخىر باشلارنى،
ئۇنتۇلماس ئەمما بىز ئېيتقان كۈيلەر!

1996-يىل، 7-ئاي



# ئەللىك يىلغا سۆز

ئۆتۈپتىمەن ئەللىك يىل سەن بىلەن قول تۇ-
تۇشۇپ،
گاھى يىغلاپ، گاھ كۈلۈپ، كونا خامان سو-
رۇشۇپ،
ئەمدى زەن سەپ قارىسام، خۇنۇك ئىزلار بەك
تولا،
ئۆتكەچ بىزلەر گاھىدا لاۋزا پاراڭ سوقۇشۇپ.

غورا ئىدىم مەن تېخى سەن باشلانغان تاڭسەھەر،
پىشتى ھالۋا غورىدىن بولغاچ ئوچاق بۇ سەپەر.
ھەر بىر يىلغا مۆھۈردەك بېسىلغاندۇر ئىزىمىز،
كەتسەكمۇگەر ئوڭ - سولغا، قۇچتۇق ئاخىر
چوڭ زەپەر.

ياش دېمەيمەن ئۆزۈمنى، سەن گۇۋاھقۇ يېشىمغا،
سەن يارانقان قىسمەتلەر كەلگەن مېنىڭ بېشىمغا.
تەقدىرىمىز، رىشتىمىز بىر ئىكەنغۇ ئاخىرى،
سېنىڭ روھىڭ - خىسلىتىڭ سىڭدى ئىچۇ -
تېشىمغا.

سەۋەنلىكىڭ، تۆھپەڭنى سېلىشتۇرۇپ
كېلىمەن،
قويىنۇڭ نۇسرەت ماكانى، بۇنى ئوبدان بىلىمەن.
تۆكتۇڭ بىزگە قۇت ـ زىيا ھەر ئايلىنىپ
ئۆتكەندە،
سەۋەنلىكلەر ماڭا تەن، ئۆزۈم جاۋاب قىلىمەن.

ئۆتتۇڭ ئۇچۇپ ئەللىك يىل، پۇشايمىنىم ئاز
ئەمەس،
كەتتى مېنىڭ ياشلىقىم ئۆردەك ئەمەس، غاز
ئەمەس.
تۇتالمىدىم سەن بەرگەن گۈزەل باھار، يازلارنى،
ئەپسۇس، ئۆمۈر پەسلىنىڭ ھەممىسىلا ياز
ئەمەس.

ھالقىپتىمەن دەڭسەم قىرانلىقىڭ تىغىدىن،
تەقدىم قىلماي ساڭا گۈل ياشلىقىمنىڭ بېغىدىن.
پۇشايمانمۇ ئۇيغىنىش، ئەپۇ قىلغىن ئەللىكيىل،
ساڭا رەھمەت ئېيتىمەن يۈرىكىمنىڭ قېتىدىن!

1999-يىل، ئۆكتەبىر

# كېلۇر

— كېلىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى يۇز يىلغا

كېلۇر يېڭى يۇز يىل — گۇزەل جانان كېلۇر،
ئەلگە شادلىق، بىيقۇۋۋەتكە دەرمان كېلۇر،
توي ئۇستىگە توي قېتىلىپ بايرام كېلۇر،
قارىچۇقتا قاتقان تالاي ئارمان كېلۇر.

قۇچىقىنى جانان بىزگە كەڭ ـ كەڭ ئېچىپ،
ئەل قوينىغا ئالتۇن تالا شولا چېچىپ.
كەلسە بىزگە يېڭى ـ يېڭى كۇيلەر ئېلىپ،
ھۆر ۋەتەنگە زەپ ھەيۋەتلىك قاينام كېلۇر.

يېڭى يۇز يىل يېڭى ئۇدۇم ئېلىپ كەلسە،
يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە سېلىپ كەلسە،
تىلسىماتلار سىرلىرىنى ئېچىپ كەلسە،
گۇللىنىشكە يۇرتىمىزنى ئىمكان كېلۇر.

ئويلاپ قالدىم: يار ئالدىغا چىقاي قانداق،
قۇرۇق قولدا يار پېشىنى تۇتاي قانداق،
جانانىمنىڭ كۆڭلىنى مەن ئۇتاي قانداق،
گادايلىقىم يار كۆڭلىگە مالال كېلۇر؟

خەقلەر چىقسا ئېتەك - ئېتەك گۇللەر تىزىپ،
جاۋاھىرات كانلىرىدىن گۆھەر قېزىپ،
ئەگەر قالسام ئەل ئىچىدە بوينۇم قىسىپ،
هاياتلىقتىن ئۆلۈم ماڭا خوپ يان① كېلۇر

— ياق، — دېدىم مەن ئۆز ئۆزۈمگە، — سوۋغام تولۇق،
دەستە گۇلدىن دىلىمدىكى ئىستەك ئۇلۇغ.
ئىزىم نۇرلۇق، ئەمەس ھەرگىز سۇپرام قۇرۇق،
يېڭى يۇز يىل بەلكى ماڭا قۇربان كېلۇر!

مەنمۇ خەقتەك دادىل قەدەم تاشلاپ چىقاي،
يارەنلەرنى بۇ مەركىگە باشلاپ چىقاي.
رەقىبلەرنىڭ شۇم كۆزىنى ياشلاپ چىقاي،
تومۇرلاردا زوق - هاياجان قىيان كېلۇر.

---

① يان كېلىش - خوپ كېلىش، كۆڭۈلدىكىدەك

مەخمۇت ئاتا، خاس ھاجىپلار سەپتە ماڭسا،
ساتار چېلىپ ئامانىسا مۇقام ئېيتسا،
تەڭكەش بولۇپ تۇمەن بۇلبۇل تەڭ سايرىسا،
بارچە ئىقلىم بۇ بەزمىگە ھەيران كېلۇر.

يېڭى كۈيگە جۇر بولۇشسا ئېرتىش، تارىم،
يېڭى سەپتە تۇرسا بىللە ھاجى، قارىم،
خۇش تەبەسسۇم ئەيلەر ئىدى گۈزەل يارىم،
ئەسكى راۋاق شۇندىن ئەبەت ۋەيران كېلۇر.

ئۆز قولىدا ھەر قەۋمنىڭ تەقدىر ـ قىسمەت،
ئالتۇن ئەمەس، بارچىمىزگە ۋاقىت قىممەت،
«گۈروھ، گۈروھ زىيالىلار قىلسا خىزمەت»①
تۇتساق مەھكەم يۈز يىل بىزگە غەمخان كېلۇر!

1999-يىل، دېكابىر. ئۈرۈمچى

① لوتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «بۇ مېنىڭ غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى» دېگەن شېئىرىدىن

# نەۋرەم

بوينۇمنى قۇچۇپ مەھكەم،
مەڭزىمگە سۆيەر ئەركەم،
كۆڭلۇم خۇش ئېتۇر ھەردەم،
چۇنكى ئۇ مېنىڭ نەۋرەم.

ھاردۇقۇم چىقۇر كۆرسەم،
مەن ئۇنى قېنىپ سۆيسەم،
رازىمەن كۆيۇپ ئۆلسەم،
چۇنكى ئۇ مېنىڭ نەۋرەم.

ئوماقتۇر قوزا، تايدەك،
يۇلتۇزدەك، تولۇنئايدەك،
دىلىمنى ئېرىتۇر مايدەك،
چۇنكى ئۇمېنىڭ نەۋرەم.

بوينۇمغا مىنەر گاھى،
ئۆيۇمنىڭ سۇلتانى — شاھى،
ئۆيگە بىر ئۆزى داھى،
چۇنكى ئۇ مېنىڭ نەۋرەم.

قات كۆزلۈك، قارا قاشلىق
سۆزلىرى چۈچۈك، تاتلىق،
ئاڭا قوشكېزەك شادلىق،
چۈنكى ئۇ مېنىڭ نەۋرەم.

ئەجدادنى ئۇلار ئەۋلاد،
توساقنى قىلىپ بەربات،
تاغلارنى بۆسەر پەرھات،
بولسا ئۇ مېنىڭ نەۋرەم.

بىر بۈركۈت بولۇپ ئۆتسە،
ھۈنەرگە تولۇپ ئۆتسە،
ياش تۆكمەي كۈلۈپ ئۆتسە،
ئارمانىم مېنىڭ نەۋرەم.

دىلىغا نەقىش ئويسام،
ئىلىم شەربىتى قۇيسام،
نە ئارمان پۈتۈم سۈنسام،
بار چۈنكى مېنىڭ نەۋرەم.

1996-يىل، ئىيۇن

# ئۈچ تىلەك①

ئېزىز نەۋرەم، ئومىقىم تەقدىم ساڭا ئۈچ تىلەك:
بىرى، بولغىن يارامىلىق، ئەلسۆيەر ھەم ئوت
يۈرەك.
ئىلىم-ھېكمەت بابىدا چولپان بولۇپ چاقنىغىن،
گۈللىتىشتە ئەل - يۇرتنى بىزگە شۇنداق ئەر
كېرەك.

ئۈلگە قىلما ئۆزۈڭگە قۇرۇق سۆلەت «نوچى» نى،
دوست تۇتمىغىن تابەئەت ئىچى كاۋاك پوچىنى.
تولسۇن ئىچىڭ ھېكمەتكە، بەرمە ئورۇن ئىللەتكە،
ئادا قىلغىن-ئاقىلغىن ئەل ئۈمىدى-بۇرچىنى.

يەنە بىرى، ئىنساپنى قىلغىن مىزان ھەرزامان،
كىر قونمىغاي دىلىڭغا، ھالال ياشا ھەرقاچان.
ئەلگە ئامەت كۆزلىسەڭ، ئەل دەردىنى سۆزلىسەڭ،
سامان بولماس چىرايىڭ بولسا يۈرت تىنچ، ئەل ئامان.

ئۆچىنچىسى، ئـەي ئـوغلان تـەلـەي ساڭا يار بولغاي،
نەگە بارساڭ يولۇڭ كەڭ، رەقىپ يولى تار بولغاي.
ئەل بەختىنى بەختىم دە، ئەل قوينىنى تەختىم دە،
بەختلىكسەن شۇندىلا، بەد نىيەتلەر خار بولغاي.

ئېيتقانلىرىم ئوبدان سۆز، ئاتىلاردىن قالغان سۆز،
نادانلارنى ئويغىتىپ، داغدام يولغا سالغان سۆز.
ئەستە تۇتقىن سەن بالام، سۆزى تاتلىق قەن بالام،
يىگىت بولۇپ يېتىلگىن، ھېچ تەگمىگەي يامان كۆز.

2000-يىلى 1-ئاينىڭ 16-كۈنى

---

① بۇ شېئىر سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش يۈسۈپ ئەيسانىڭ نەۋرىسىنىڭ خەتنە تويىدا ئېيتقان ئۈچ تىلىكىگە ئاساسەن يېزىلدى.

# قارىچۇقۇم بوپتۇ قەبرىگاھ...

چىقتى ئالدىمغا ئاق چاچ بىرموماي،
قىرىق يىلدا مەن كەلسەم بىر قېتىم.
چىشسىز ئېغىزدىن چىقتى ئېتىلىپ،
بالا چېغىمدا ئاتالغان ئېتىم.

موماي كۆرنەر بەختىيار، خۇشال،
ئىككى يىپىدا ئىككى نەۋرىسى.
ئۆلۈپتۇ بىراق سۇمبۇل سىڭىلەك،
قەيەردىكىنە ئۇنىڭ قەبرىسى؟

قارىچۇقۇمدۇر بەلكى قەبرىگاھ،
شۇ گۇزەلنى ئالغاندۇ كۆمۈپ.
ياكى دەرت - پىراق ئوتىدا ئۇمۇ
كۇلگە ئايلىنىپ كەتكەندۇ كۆيۈپ.

× ×

تۇرار ئالدىمدا مېھرىبان موماي،
يامىشار ھەدەپ ئىككى نەۋرىسى.
باقتىم سەبىلەر كۆزىدە بالقىپ -
تۇرار گۇزەلنىڭ كۇلكە جىلۋىسى.

2000 - يىل، يانۋار

# ئاھ، چۈشلىرىم، گۈزەل چۈشلىرىم...

ئاھ، چۈشلىرىم، گۈزەل چۈشلىرىم،
بىر ئۆزەڭلا قەدىرلىك پەقەت.
بالىلىقىم، ئۆتكەن كۈنلىرىم،
بىر سەندىلا ساقلىنار ئەبەد.

توپا باسقان، يوقالغان ئىزلار،
بىرلا سەندە يالتىرار قايتا.
بىللە ئۆسكەن ئوغۇللار - قىزلار
ئېكرانىڭدا چاقنىشار قايتا.

تاغ بالىسى بولغاچقا ئۆزۈم،
تاغلارنىلا چۈشەيمەن ھامان.
بوستانلارغا تەلمۈرمەس كۆزۈم،
تاغلار ماڭا بىر جەننەت ماكان.

ئالاتايغا سەكرەپلا مىنىپ،
گاھى چوپان بولۇپ قالىمەن.

مەخمەل يايلاق، قانىمەن چىچىپ،
ئاساۋلارغا سالىما سالىمەن.

تاغنىڭ سۈيى سۈزۈك ھەم راھەت،
چۆمۈلىمەن، ئۈزۈپ كېتىمەن.
سۇ تېگىدە يۈزمىڭ كارامەت،
خالىغاننى سۈزۈپ كېتىمەن.

ئانام كېلەر ئېتىزدىن يېنىپ،
ئېتىگىدە ماش ياكى پۇرچاق.
كەتكەن يېشىدىن بۇرۇن قېرىپ،
كۆيگەچ ئۇنىڭ بېشىدا ئوچاق.

شىلدىرلىسا بىزنىڭ يانبۇلاق①
دۈم يېتىپلا ئىچىپ كېتىمەن،
بۇۋام ئىچكەن جانجان بۇلاق،
يۈز - كۆزۈمگە چېچىپ كېتىمەن.

قالمىدى مەن كۆرمىگەن شەھەر،
زاھىر بولماس چۈشۈمدە بىراق.
شۇ تاشلىقىم② ھەمرا شام - سەھەر،
تۇرساممۇ گەر ئالەمچە يىراق.

ئاھ، چۇشلىرىم، ئويغاق چۇشلىرىم،
ياشلىقىمنى سەندىن تاپاي مەن.
ئۇزۇلمىسۇن گۈزەل كۈيلىرىم،
يەنە يېڭى كۈيلەر قاتاي مەن.

2000-يىل، يانۋار

① يانبۇلاق - تۇغۇلغان كەنتىمدىكى بۇلاق
② يۇرتۇم تاغ ئېتىكىدىكى تاشلىق سايغا جايلاشقان كەنت

# دوستۇمغا

دوست دېدىم باغلاپ ساڭا چىن ئىشتىياق،
سەن مۇڭگۈز بولساڭ ئەگەر، بولدۇم تۇياق.
سىيىقرايتتى تەن ئەمەس، جېنىم مېنىڭ،
ساڭا ئەگەر بىمەھەل تەگسە تاياق.

چۈنكى دوستۇم بىز يېتىم دىلداش ئىدۇق،
قايغۇمىز بىر، ھەمنەپەس، سىرداش ئىدۇق.
چۆلدە قالغان تۇرنىدەك ھەر ئىككىمىز،
سۇسىراپ ماڭغاندا ھەم يولداش ئىدۇق.

قايسى كۈن قوندى بېشىڭغا تاج سېنىڭ،
قايسى چاغ ئاغزىڭغا تەگدى ئاش سېنىڭ.
ئۆزگىچە ئەلپازغا كىردىڭ، يا پىرەي،
چۈشتى كۆرسۇم، بولدى ھالىم كاج مېنىڭ.

سەن چىقىپ كەتتىڭ تاپتىن بارا - بارا،
قالدى نامىڭ بەك سېسىپ ئاۋام ئارا.

تولغىنارمەن چوغقا چۈشكەن قىل كەبى،
دەرتلىرىمگە دەرت قېتىلدى، دىل يارا.

سەن كۆرۈندۈڭ ئەلگە دائىم دۆ بولۇپ،
قاغىدى ئەلمۇ سېنى دەرتكە تولۇپ.
يەنىلا دوستۇم دېدىم، ھېچ تانمىدىم،
تۇرسىمۇ ئىچىم مېنىڭ تىت - تىت بولۇپ.

ئوغشىلار دېدىم سېنى، كۆتتۈم ئۇزاق،
گەر يولۇمدا تۇرسىمۇ كۆرمىڭ توساق.
دوستلۇقۇمنى بىلدۈرۈپ ھاردىم ساڭا،
يوللىرىمغا سەن قۇرۇپ كەلدىڭ تۇزاق.

ھەممە جايدا تۆر سېنىڭ، پەگادا مەن،
دائىما بازار سېنىڭ، سەھرادا مەن.
قوللىرىمنى قوشتۇرۇپ بەرسەم سالام،
يوق ماڭا ئىللىق چىراي، جازادا مەن.

ئاھ، ئىشەنمەي خەق سېنى بىر پەس دېسە،
دوست دېمە، بىلگىن پاخالۇ - خەس دېسە.
ياقا يىرتىپ سەن ئۈچۈن يىغلاپتىمەن،
ئەقىدەڭنى ئۇ ئەبەد بىلمەس دېسە.

بەك ئەجەپ ئۆردۈك يۈزۈڭنى بىيتۇيۇق،
نەگۇنا ئۆتكۈزگىنىم ئېسىمدە يوق.
ۋا دەرىخ، قانداق قىلىق دەيمىز بۇنى،
ئېيتچۇ دوستۇم كىم ساڭا يېگۈزدى پوق؟

شۇ قىلىق كىرگەنمۇ يا قېنىڭ بىلەن،
ئاقىبەت چىقارمۇ ئۇ جېنىڭ بىلەن؟
تۈزلۈقۇمنى پارە قىلدىڭ سەن چېقىپ،
دوستلىشاي ئەمدى نېچۈك سېنىڭ بىلەن؟

1991-يىل، مارت



# باللىرىمىز ئۈچۈن

## چۈش ئەمەس

ئەتىگەندە ئورنىدىن،
تۇرۇپ شۇنچە خۇشچىراي.
كۆزلىرىنى ئوينۇتۇپ،
كۈلدى بىزنىڭ مېھرىئاي.

كۆزلىرىدە نامايەن،
ئىدى ئۇنىڭ شاتلىقى.
كۈلكىسىدىن چىقاتتى
بىر خۇشلۇقنىڭ تاتلىقى.

— دادا، — دېدى ئاخىرى،
بۈگۈن قالتىس چۈش كۆرۈدم.
ئاڭلاڭ دادا چۈشۈمدە،
خاسىيەتلىك ئىش كۆردۈم:

كىيىپ پولات كىيىمنى،
بوپ قاپتىمەن ئاتوْخُموْ. ①
(يوقتوْ بەلكى ئالەمدە،
ئوْندىن ئارتوْق باتوْرموْ.)

ئۆرلەپتىمەن قاتموْ - قات،
بوْلوْتلارنىڭ ئوْستىگە.
قاراپتىمەن زوق بىلەن،
يوْرتىمىزنىڭ هۆسنىگە.

توسالماپتوْ يولوْمنى،
ئېگىز تاغلار، داۋانلار.
قاپتوْ پەستە شوْمشىيىپ،
قەست ئەيلىگەن چايانلار.

كۆزنى يوْموْپ ئاچقىچە،
يېتىپتىمەن ئايغىموْ.
تېخى داخىل بوپتىمەن،
ئايدا بىر ۋاق چايغىموْ.

---

① ئاتوْخُموْ - ياپونىيىنىڭ «توْموْر بىلەكلىك ئاتوْخُموْ» ناملىق تېلېۋىزىيە كارتوْن فىلىمىدىكى باش قەھرىمان.

ھەر يۇلتۇزدا بىر قونۇپ،
كېزىپتىمەن ئالەمنى.
ئېيتىڭ، بۇ چۇش قانداقمۇ،
خۇش قىلمىسۇن ئادەمنى؟!

دېدىم: قىزىم چۇش ئەمەس،
كەلگۇسىڭنى كۆرۈپسەن.
كېلەچەكنىڭ پەيزىنى،
سەن چۇشىڭدە سۇرۇپسەن.

ئەشۇ كىچىك ئاتۇڭمۇ،
ئىلىم - پەننىڭ جەۋھىرى.
مۇجەسسەمدۇر ئۇنىڭدا،
ئەقىل - ئىدرەك گۆھىرى.

بولسا ئاشۇ ئاتۇڭمۇ،
سېنىڭ نىشان - ئۆرنىكىڭ.
ھەجەپ ئەمەس بىر كۇنى،
يۇلتۇز كېزىپ يۇرمىكىڭ!

1985-يىل، ئاپرىل. ئۇرۇمچى

# دوست بولايلى سۈر بۆجەن

— هەي بۆجىنىم، سۈر بۆجەن،
نېمە قىلىپ يۈرسەن؟
كۆرسەڭ مېنى نېمىشقا
چىخ تۈۋگە مۆكىسەن؟

مېھرىبانىڭ، جان ئاناڭ،
يوق نېمىشقا قېشىڭدا.
بەختسىزلىك كەلدىمۇ،
ياكى سېنىڭ بېشىڭغا؟

ئەركىن يايراپ يۈرسەڭچۇ،
ياز پەيزىنى سۈرسەڭچۇ.
ئاداش بولۇپ مەن بىلەن،
بىرگە ئويناپ - كۈلسەڭچۇ؟

— ئاھ بالىجان، دەردىمنى،
قىلاي ساڭا مەن بايان.
بولار شۇندا بۆجەنىڭ،
دەردۇ - ھالى ئاپئايان:

كۆز ئېچىپلا دۇنياغا،
ئايرىلدىم جان ئانامدىن.
ئۆزۈن ئۆتمەي ئايرىلدىم،
ئوماق سىڭلىم - ئاكامدىن.

يۇمران گۆشى ئانامنىڭ،
زىختا كاۋاپ قىلىندى.
سىڭلىم بىلەن ئاكامۇ،
غانجۇغىغا ئىلىندى.

ماڭا نۆۋەت كەلدى دەپ،
كۈن - تۈن قورقۇپ يۈرىمەن.
كۆرسەم شۇڭا ئادەمنى،
چىغ تۈۋىگە مۆكىمەن.

ئادەم ئەجەپ ۋەھشىكەن
بىلمەيدىكەن نومۇسنى.
پانا قىلماي نە ئامال،
ماڭا چىغ ۋە قومۇشنى.

يەردە تۈلكە، كۆكتە سار،
يۈرەر ھەر دەم پېيىمدە.

ئىيتسام - ئىيتسام تۆگمەس،
دەردىم تولا ئىچىمدە.

ئىيتقىن ماڭا دوست بولساڭ،
بۇ يەر - زېمىن كىمنىڭكى؟
يوقمۇ قىلچە ئۆلۈشۈم،
بۇ زېمىندا مېنىڭكى؟

باشقىلارغا يەم بولۇش،
بىزگە تەقدىر ھۆكمىمۇ؟
يوقمۇ زادى باشپاناھ،
بىزگە يەر ۋە كۆكتىمۇ؟

— قايغۇرمىغىن بۆجىنىم،
ئەمدى ئۆقتۇم دەردىڭنى.
ئورتاقلىشاي سەن بىلەن،
شاتلىقىمنى، بەختىمنى.

بىلگىن ئۇلۇغ تەبىئەت،
بارچە جاننىڭ ئانىسى.
سەنمۇ ماڭا ئوخشاشلا،
ئۇنىڭ ئىززىز بالىسى.

ھوقۇقلۇقسەن ياشاشقا،
ئانا زېمىن قوينىدا.
جۈرئەتلىك بول، باتۇر بول،
ھاياتلىقنىڭ يولىدا.

قورقما ئەمدى مەن ساڭا،
ئوبدان ئۇگا سەپ بېرەي.
رەقىبىڭنى باپلاشنىڭ،
چارىسىنى دەپ بېرەي.

قاچما مەندىن، قاچمىغىن،
كۈندە كېلەي قېشىڭغا.
قوغداي ئەمدى جان تىكىپ،
كەلسە ئاپەت بېشىڭغا.

1991-يىل، دېكابىر. ئۈرۈمچى

## مەنمۇ ئالىم بولىمەن

ئولتۇرىدۇ ھەركەچتە،
دادام چىراغ ئالدىدا.
يورغىلايدۇ قەلىمى،
خاسىيەتلىك قولىدا.

بىر ئۇلتۇرسا تاڭغىچە،
ھارماي يېزىپ چىقىدۇ،
ھەر قۇرىغا قەغەزنىڭ
ئۈنچە تىزىپ چىقىدۇ.

سىياھ قىلىپ يازىدۇ،
يۈرىكىنىڭ قېنىنى.
ئىلىم - پەنگە ئاتىغان
بارلىقىنى - جېنىنى.

ھۆرمەت بىلەن باقىمەن،
ئۇنىڭ سۇرلۇك چېھرىگە.
چۆمۈلىدۇ يۈرىكىم
ئىللىق ئاتا مېھرىگە.

ناۋات سېلىپ، قەنت سېلىپ،
دادامغا چاي سۇنىمەن.
«ھاردۇق ئېلىڭ دادا» دەپ،
قوللىرىغا سۆيىمەن.

ھەر قارىسام دادامغا،
ئىپتىخارغا تولىمەن.
ئىرادەم شۇ دادامدەك،
مەنمۇ ئالىم بولىمەن!
1990-يىل، ماي. ئۈرۈمچى

# رۇبائىلار

چۈگىلەر توختىماي پەلەكنىڭ چاقى،
ھېچكىمگە بولمىغان بۇ دۇنيا باقى.
تاغ بولۇپ كەتسەڭمۇ قىلما تەمەننا،
تاغنىڭمۇ بار ھامان يىمىرىلىش چاغى.

× ×

سەن ھۆرمەت تىلىسەڭ خەقتىن ئەگەردە،
سەبىيلەر ئالدىدا ئېگىل ھەر يەردە.
غادايغان تېرەككە قونىدۇ قۇزغۇن،
ئېگىلگەن شاخلاردىن بال پۇتۇر ئەلگە.

× ×

ھە دېسە ماختىنىپ يۇرمە لاغايلاپ،
ئۆزەڭنى تەڭداشسىز «تۆھپىكار» چاغلاپ،
كۆزۈڭگە ئىلمىغان «شۇمتەك»لەر ئەتە،
ئۆتكۈسى ئالدىڭغا بېشىڭدىن ئاتلاپ.

× ×

ئېغىلغا زەدىۋال تارتقانلار ئاخماق،
ئالتۇننى ئەخلەتكە ئاتقانلار ئاخماق،

«ئاقكۆڭۈل» چاغلىما گالۋاڭنى ھەرگىز،
ئۈنىڭدا نە «كۆڭۈل»، داۋادۇر توقماق.

× ×

پەرزەنتچۈن ئانىنىڭ باغرىدۇر كاۋاپ،
ئۆتەر ئۇ بارىنى پەرزەنتكە ئاتاپ.
تۇغىمەس ئانىنىڭ قەرزى بوينۇڭدىن،
پۈتىغا باش قويۇپ قىلساڭمۇ تاۋاپ.

× ×

يا كەبىي ئېگىلدى بەللىرى مانا،
ئۆمرىنىڭ باھارىن تۇگەتكەچ ئانا.
بەردى ئۇ بارىنى ساڭا ئەي نادان،
سەن نېمە كۈتىسەن ئۇنىڭدىن يەنە؟

× ×

«مەن خۇدا» دەيمەن ساڭا، ئەي كائىنات،
ئالقىنىمدىن يارىلار گۈزەل ھايات.
بىر پىكىر ئۇندەيدۇ ئالغا ھەر زامان:
ئۆزگىلەرنىڭ كەينىدە قالماق ئۇيات!

× ×

بىرى يۇرسە كىرىلىپ مەنسەپ بىلەن،
بىرى يۇرسە خۇرسىنىپ ھەسەت بىلەن.
ئەل غىمىنى يېمىسە ئەلنىڭ بېشى،
ئۆتكۇسى ئەلنىڭ كۇنى ھەسرەت بىلەن.

× ×

تاشنى تاشقا چاقسا چاقنايدۇ چېقىن،
چاقمىساڭ بىر ـ بىرىگە يۆلەك ـ يېقىن.
سان ـ ساناقسىز تاش بىلەن پۈتكەن تاغلار
پارتىلاپ كەتمەيدىغۇ ئۆز ئىچىدىن؟

× ×

خەلقىمدۇر زور تېرەك، مەن ھەشقىپىچەك،
شۇ تېرەك غولىدا ئاچىمەن چېچەك.
ئايرىلسام ئۇنىڭدىن قىيامەت قايۇم،
بولغايمەن ئۆزگىلەر پۇتىغا پېتەك.

× ×

يۇزۇڭنىڭ ئاقلىقى مىسالى ئايدەك،
قامىتىڭ كېلىشكەن سەرۋىدەك ـ تالدەك.
ھەسسىنە، بىر كەلىمە لەۋزىڭ بولسىچۇ،
بۇلاقنىڭ سۇيىدەك، ناۋاتتەك، بالدەك!

× ×

يەكشەنبە كەچ، ئۇستەلدە تۇرلۇك تائام ـ سەي،
كۆتۇرگەنتتى كەيپنى قەھۋە بىلەن مەي.
ساھىپخانىنىڭ چېھرىدىن بالقىيدۇ نۇر،
ئەتىگىچە شۇ چىراي تۇرارمۇ، تاگەي؟

× ×

سولاشقاننى كۆرسەڭ كۈلسەن،
كۆكلىگەننى كۆرسەڭ ئۆلسەن.
شۈملۈق، ھەسەتنىڭ قاينام بۇلىقى،
مۇھەببەتنىڭ قاقاس چۆلسەن!

× ×

مەن ھەجەپ ھەيران ئەشۇ پەرۋانىغا،
گاھ ئىچىم ئاغرىيدۇ قاراپ ھالىغا.
نۇرنى دەپ كۈل بولىدۇ ئاخىر كۆيۈپ،
قىلچە پەرۋا ئەيلىمەس ئۆز جانىغا!

1970-، 1980-يىللار. ئۈرۈمچى

× ×

يوق ئىكەن گەر ئەلگە زەررە ھىممىتىم،
مەيلى مەن مىڭ ياشاي يوقتۇر قىممىتىم.
كەتسىمۇ جىسمىم تۇپراققا سىڭىپ،
كۆمۈلمەس ئەل ئۈچۈن قىلغان خىزمىتىم.

× ×

تەبىئەت قولىدا تۇزۇلگەن تۈزۈم:
«يامانغا ئۆلۈم يوق، ياخشىغا كۆرۈم»
ئويلايمەن نېمىشقا تەتۈر بۇ پەلەك،
بۇ ھالنى قانچە رەت كۆرەركىن كۆزۈم؟

× ×

ئەرزىمەس تاجىم بار ئېگىلەر بېلىڭ،
سايرايسەن بۇلبۇلدەك، ناۋاتتۇر تىلىڭ.
چۇشسۇنچۇ ئەتىلا بېشىمدىن بۇ تاج،
بولىدۇ شۇ چاغدا ئاشكارا سىرىڭ.

× ×

ئەجەپمۇ غەلىتە تۇيۇلار بىر ھال:
بەزىلەر قىلىقى كۇچۇككە مىسال.
ھىدلايدۇ سەسكىنمەي سېسىق يېرىڭنى،
ياشىماس ئادەمچە، بۇڭا نە ئامال؟!

× ×

خۇشامەتچىدۇر ۋەھشىي قاراقچى،
دوزاققا مەھكۇم بىلسە سوراقچى.
بىرىدە قىڭغىراق، بىرىدە ھىيلە،
ھەممىدىن يامان يوشۇرۇن توزاقچى.

× ×

غادايغان قەددىڭنى پۈكۈلمەس دېسەم،
ياپرىقىڭ تۆت پەسىل تۆكۈلمەس دېسەم،
يۈكۈندۈڭ، كۆردۈم مەن، بىراۋ ئالدىدا،
بىر ئۆمۈر خۇداغا يۈكۈنمەس دېسەم.

× ×

ئەي ئاداش، تۇغقانمۇ ئاپاڭ جوزىغا ①
قىلمىغانمۇ سېنى دەۋەت روزىغا؟

بوپتۇ «جوزا» ساقا پۇتۇن ئىش-ئەمەل،
دۇم چۈشۈپسەن ئەشۇ شەيتان كوزىغا.

× ×

كىم سېنى قىستىدى يالغان سۆزلە دەپ،
كۆيمىسۇن شۇم نەپسىڭ نەپلا كۆزلە دەپ،
يا سېنى دوزاقتىن ئەۋەتكەنمىدى —
شۇ ئىگەم، ئەل - يۇرتنى بۇلغا - بۆزلە دەپ②

× ×

ئەلگە پۇر كەتكەچ سېسىق نامىڭ ئەجەپ،
ياغىدۇ بېشىڭغا مىڭ لەنەت - غەزەپ.
ئۇستىخان پۇتكەنمۇ ساقا بىلمىدىم،
پۇكۇلۇپلا تۇرسەن، تۇرقۇڭ بەزەپ.

× ×

بەزىلەر يۇرىدۇ مەنلا «نوچى» دەپ،
ئۆزگىنى ئۆسەكچى ياكى پوچى دەپ.
ھۇنىرى بايقۇشنىڭ كۆتىرىش تەخسە،
«باشلىق»نى ئوۋلايدۇ مەرگەن ئوۋچىدەك.

1999-يىلدىن - 2000 - يىلنىڭ بېشىغىچە،
ئۈرۈمچى

---

① «جوزا» - رېستۇران مەنىسىدە.
② بۆزلەش-قۇمۇل شېۋىسى-«بۇلغاش» بىلەن مەنداش.

# يانالمايسەن سەبلىكىڭگە

(دوستۇم مۇھەممەت ئەخمەتنىڭ «قايتىۋالسام سەبلىكىمگە» دېگەن شېئىرىغا تەقلىت)

ئاق چېچەكتەك ئاپئاق چاغلىرىڭ،
دىل غۇبارسىز، ساپساق چاغلىرىڭ،
كەتتى سىڭىپ تۇمان ئىچىگە،
كىر - كېبىرسىز بوۋاق چاغلىرىڭ.

ئۆگەندۇق بىز بىرنى ئىككى دەپ،
ياسالمىلار كەينىدىن يۇگرەپ.
ئاقنى قارا دېدۇق بەزىدە،
يەپ تۇرغاچقا غايىپتىن ئەدەپ.

راست - يالغانمۇ بولسا بىر خېمىر،
قاراقچىغا مەدەتكار خىزىر،
تاجى بارنى قويۇپ تۇر ئاۋۋال،
قوۋۇقچىدا مىڭ پاتمان كېبىر!

باش قانىسا «ئۇمۇم» نى كۆزلەپ،
پەس كۆرۈنسەڭ «مەقسەت» نى سۆزلەپ،

بەل سۆڭىكى ئەۋرىشىملەرگە،
يول بېرىلەر داۋاننى تۈزلەپ.

تەڭرى ئىگە ئۆمۈر مۈلكىڭگە،
ئىختىيار يوق سېنىڭ ئىلكىڭدە،
چېچەكلىرىڭ توزدى، بۇلغاندى،
نېچۈك يانماق سەبىلىكىڭگە؟

ئاق دېگىنىڭ ئەسلى ئاق ئەمەس،
ئاق چېچەكلىك باشلار ساق ئەمەس،
دانالىققا ھەمراھ نادانلىق،
قايسىبىرى ئەسلا تاق ئەمەس.

2000-يىل، فېۋرال

# ئۈچ مەرسىيە

## ئەلۋىدا

(مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجا ۋاپاتىغا)

مەرىپەت كۆكىدە بىر يۇلتۇز ئىدىڭ
خۇددى كۈندەك نۇر چېچىپ چاقنايدىغان.
يۈرىكىڭدە ئون قۇياشنىڭ تەپتى بار،
جەڭچى ئىدىڭ چېلىشىپ ھارمايدىغان.

دىلىمىزنى پارە ئەيلەپ، كۆيدۈرۈپ،
بىمەھەل ئۆز قوينىغا ئالدى ئەجەل.
ھەي ئىسىت، ئوتتەك يېنىپ ئۆچتۈڭ ئەجەپ!
قالدى نامىڭ دىلدا بوپ مۇڭلۇق غەزەل.

كەتتى جىسمىڭ ئايرىلىپ بىزدىن يىراق،
ئەمما روھىڭ بىزگە ھەمراھ ھەممە ۋاق.
شېئىرىڭنىڭ ھەر قۇرى بىر ئابىدە،
مەردلىكىڭ، قەيسەرلىكىڭ دىلغا چىراغ.

قوينىغا ئالدى سېنى ھۆرمەت بىلەن
بېلىگە ئاق باغلىغان بوغدا ئاتا،
ئۇنتۇماس سەبداشلىرىڭ، خەلقىڭ سېنى،
ساقلىنارسەن دىلدا ئەبەد!

ئەلۇىدا!

## مۇنار

(ئابدۇكېرىم خوجا تۇغۇلغانلىقىنىڭ يەتمىش
يىللىقى، ۋاپاتىنىڭ ئون يىللىقى
مۇناسىۋىتى بىلەن)

ئۆزلىرىنى ياد ئېتىپ تىكلىمىدۇق بىز مۇنار،
لېكىن دىلغا ئورناقلىق خاتىرەڭدەك ئېپتىخار.
خىسلەتلىرى نەمۇنە، ھىممەتلىرى تۇتىيا.
خۇددى نۇردەك پەزىلەت بولدى بىزگە تىلتۇمار.

كېلىشلىرى قىسمەتلىك، كېتىشلىرى مەردانە،
قازغانتىلە بىر ئۆمۈر ئەل كانىدىن دۇردانە.
كـۆكتىن يـۇلتـۇز كۆچكەندەك ياكى ئاي، كۈن
يىتكەندەك،

كەتكەنلىرى بىمەھەل قىلدى دىلنى ۋەيرانە.
بارماق بېسىپ سانىسام ئون يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ،
قىممەتلىرى ۋە لېكىن ئون ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ،
ئەل ئۇنتۇماس ئوغلىنى مىڭلاپ ئەسىر ئۆتسىمۇ،
مۇھەببەت ھەم سېغىنىش دولقۇنلاپتۇ، تېشىپتۇ.

تومۇرلاردا ئاققىنى قۇتا ـ قۇتا سىيادۇر،
كۆرگەنلىرى بېھىشتە يەنە «قىزىل قىيا» مۇ؟
يەتمىش ياشنىڭ يۈزىنى كۆرمىدىلە، ھەسسىنە!
ياخشىلارغا كۆرۈم يوق، تاش يۈرەككەن خۇدامۇ.

ئۆزلىرىگە بېغىشلاپ مۇنار تىكلەش نەھاجەت،
تىكلىدىلە ئۆزلىرى، تىكلەش ئەمدى بىھاجەت.
«راۋاق» تىكى چۈشلىرى بىزگە ئۆرنەك ـ يالداما،
ماختىنىمىز ئەي ئۇستاز، بولماي ھەرگىز خىجالەت.

1998-يىل، مارت. ئۈرۈمچى

# كەتتىلە ...

(مەرھۇم ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋاپاتىغا)

ھۆرمەتتە «ئۆزلىرى» دەيتتۇق ھەممىمىز،
«سەن» ئەمەس، «سىز» گىمۇ بارماي تىلىمىز.
ئېگىلىپ يىراقتىن بېرەتتۇق سالام،
كۆرگەندە ھەر قېتىم يايراپ دىلىمىز.

ئاھ ئۇستاز، كەتتىلە، كەتتىلە يىراق،
يۇلتۇزلار ئىچىدىن چولپان كۆچكەندەك.
تەڭرىتاغ سۇكۇتتە ئەگدى بېشىنى،
قوينىدا بىر نۇرلۇق چىراغ ئۆچكەندەك.

جىنازا ئاستىدا مىڭلىغان بىلەك،
كۆتۈردۇق تالىشىپ باشلاردىن ئېگىز.
بىلمىدىم، تويمۇ يا ماتەممۇ بۇگۈن
گۇلسايىنىڭ① قوينىدا چايقالدى دېڭىز!

ئۇلىدۇ پۇقرامۇ، شاھلارمۇ بىر كۈن،
ئۆلۈمنىڭ قىممىتى ئوخشىماس بىراق.

نامەردتىن يىرگىنەر بەلكى يەر ئانا،
سىلىگە گۆل زېمىن ئاچتى كەڭ قۇچاق.

كەتتىلە چىن ئىنسان سىمۋولى بولۇپ،
بېھىشنىڭ تۆرىدە ئورۇنلىرى بار.
ماڭدىلار ئاجايىپ كاتتا بەزمىگە،
ھۇر - پەرى راسلىغان سورۇنلىرى بار.

كەتتىلە، ئەۋلادقا قالدى كۆپ مىراس،
قالدىغۇ بوتىدەك بوزلاپ ئوغۇل - قىز.
ئۆلمەيدۇ نامىلىرى، ئۆلمەيدۇ مەڭگۇ،
خەلقىمنىڭ قەلبىدە ئابىدەدۇر «ئىز»!

1995-يىل، 5 - ئۆكتەبىر. ئۈرۈمچى

---

① گۈلساي: ئۈرۈمچى مۇسۇلمان قەبرىستانلىقى جايلاشقان ساي.

# چەت ئەل تەسراتلىرى

1999-يىل 8-ئايدا بېلگىيىدە ئېچىلغان خەلقئارا تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش شەرىپىگە ئىگە بولدۇم، بۇ شېئىرنى شۇ چاغدا يازدىم.

## گۈزەلسەن، رېين دەرياسى

(رېين دەرياسى گېرمانىيىدىكى مەشھۇر دەريا)

ئەلمىساقتىن ئېقىپ كېلىسەن،
يەرگە باغرىڭ يېقىپ كېلىسەن،
ئەلنى ئەلۋەك بېقىپ كېلىسەن،
زەپ گۈزەلسەن رېين دەرياسى.

ئەسلەتتىڭسەن تارىمنى ماڭا،
ئوخشايدىكەن مىجەزىڭ ئاڭا،
شۇڭا مېھرىم ئۇرغۇدى ساڭا،
زەپ گۈزەلسەن رېين دەرياسى.

قورقۇنۇچلۇق دولقۇنلىرىڭ يوق،
ياكى ئەنسىز شاۋقۇنلىرىڭ يوق،
دەھشەت چىراي ئوپقۇنلىرىڭ يوق،
زەپ گۈزەلسەن رېيىن دەرياسى.

كەلسە تاشقىن تېشىپ كەتمەپسەن،
ساھىللارنى بېسىپ كەتمەپسەن
گۈلزارلارنى ئېلىپ كەتمەپسەن،
زەپ گۈزەلسەن رېيىن دەرياسى.

يېشىل لىباس كىيگەن تاغلىرىڭ،
گۈل - چېچەككە تولغان باغلىرىڭ،
بوپتۇ ئۆتمۈش قانلىق چاغلىرىڭ،
زەپ گۈزەلسەن رېيىن دەرياسى.

سېنىڭ بىلەن كۆكەرگەن دىيار،
خەلقىڭ ياشار شادۇ - بەختىيار،
ئۆز ئىلكىدە ئەرك - ئىختىيار،
زەپ گۈزەلسەن رېيىن دەرياسى.

ماركس ماڭغان قىرغاقلىرىڭغا،
گۈل - گىيارىڭ، شۋاقلىرىڭغا،

باقتىم بوغداي-قوناقلىرىڭغا،
زەپ گۈزەلسەن رېيىن دەرياسى.

گۈل بىنالار بويۇڭدا قاتار،
ئۈزۈمزارلار سوزۇلۇپ ياتار،
سۆيۈك سۆزۈك دىلغا زوق قاتار،
زەپ گۈزەلسەن رېيىن دەرياسى.

ئوغۇل - قىزلىڭ گويا ئاق بېلىق،
ئۈزسە ئەركىن چىقىرىپ قىلىق.
پىچىرلىشار سۆيۈڭدىن سىلىق،
زەپ گۈزەلسەن رېيىن دەرياسى.

مەن ئۇچقاندەك كېتىپ بارىمەن،
سېنى كۆيگە قېتىپ بارىمەن،
خىياللارغا پېتىپ بارىمەن،
زەپ گۈزەلسەن رېيىن دەرياسى. . .

1999-يىل، 13-ئاۋغۇست. گېرمانىيە

# كۆردۇم بىر ئۇۋا

13-ئاۋغۇست دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ ئۇلۇغ داھىسى ـ ماركسنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى تېيىرىرغا بېرىپ، ماركسنىڭ 3 قەۋەتلىك تۇرار جايىنى زىيارەت قىلدۇق، تەسىرات سۈپىتىدە مۇشۇ شېئىرنى يازدىم.

ئۈچ قەۋەتلىك ئەپچىل بىر بىنا،
بوپتىكەن ئۇ بۇركۇتكە ئۇۋا،
ئۇنىڭ ئۆزى تارىختا گۇۋا،
باقار ئاڭا خىيالچان بۇۋا:

ئاددىي لېكىن سەرەمجان بىسات،
بولغان سەندە بىر مەسلەك ئىجاد،
ئېزىلگەنلەر تېپىشقان نىجات،
كۆردۇم سېنى كۆرەشچان ئۇۋا.

تۇن قوينىغا تۇنجى ئوق ئاتقان،
ھەققەتنىڭ نۇرىنى تاراتقان،
بىر ئىنسانىنى ئۆستۈرگەن، باققان،
كۆردۇم سېنى ئەمگەكچان ئۇۋا.

قولىيازمىلار تۇرار نۇر چېچىپ،
جەمئىيەتنىڭ سىرىنى ئېچىپ،
تۇرار بۇركۇت يىراققا بېقىپ،
كۆردۈم سېنى قەدىردان ئۇۋا.

تاملىرىڭنى سۆيدۈم دىلىمدا،
قىلمىسامۇ بايان تىلىمدا،
قان قوشۇلدى گويا قېنىمغا
كۆردۈم سېنى مېھرىبان ئۇۋا.

سىيا ئەيلەپ يۈرەك قېنىمنى
قىپ يادىكار ئۇيغۇر ئېتىمنى.
دەپتىرىڭگە يازدىم خېتىمنى،
كۆردۈم سېنى جانجان ئۇۋا!

شۇ مەسلەكتە ئۆتتۈم بىر ئۆمۈر،
تەلىماتىڭ دىلىمغا مۆھۈر،
ئەقىدىمىز ئەسلى بىر تومۇر،
كۆردۈم بۈگۈن ئانجان ئۇۋا!

1999-يىل، 14-ئاۋغۇست. گېرمانىيە

# گۈل بازىرى

1999-يىل 10-ئاۋغۇست گوللاندىيە ئامىستىردام شەھىرىدە دۇنياغا مەشھۇر گۈل بازىرىنى كۆرۈق، بۇ شېئىرنى 11-ئاۋغۇست ئامىستىردامدا يازدىم.

تامام گۈلدىن تۆرەلگەن دۇنيا،
بېھىشكىلا سىمۋولكەن گويا.
گۈلچىلەرمۇ گۈل ئىكەن تامام،
ھەر تەرەپكە ئاقار گۈل دەريا.

تەرەپ - تۆشتىن كېلۇر گۈل ئۈچۈن،
پارىژ، لوندۇن، بىرلىن، ۋاشىڭتون.
كېلۇر ئۈچۈپ كۇمۇش ھەرىلەر،
مەھلىيادۇر ھەتتا كېلىنتۇن.

بولدى ئايان بىرلا ھەقىقەت:
ئادەم يارىتار بېھىشنى پەقەت.
ھەممىگە ھامىل پەقەت ئەمگەكلا،
ھارامدۇر ھارام ئىلاھى شەپقەت.

مەسئۇل مۇھەررىر: **دولقۇن قادىر**
مەسئۇل كوررېكتور: **روشەن ئابدۇرېھىم**
كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى: **دولقۇن قادىر**

# سۆيگۈ دۇنياسى

**نەشر قىلغۇچى** : مىللەتلەر نەشرىياتى
**ئادرېسى** : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ
پوچتانومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى :64290862-010
**تارقاتقۇچى** : مىللەتلەر نەشرىياتى شىنجاڭ خىزمەت پونكىتى
**تور ئادرېسى** : http://www.e56.com.cn
**باسقۇچى** : دىشىن باسما زاۋۇتى
**ساتقۇچى** : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
**نەشرى** : 2002-يىل 3-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
**بېسىلىشى** : 2002-يىل 3-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
**ئۆلچىمى** : 787×1095مم . 32 كەسلەم
**باسما تاۋىقى** : 3.625
**سانى** : 0001—2000
**باھاسى** : 5.00 يۈەن

**图书在版编目(CIP)数据**

爱的世界/艾力·扎依提著. -北京:民族出版社,2002.4

ISBN 7-105-04990-1

Ⅰ.爱… Ⅱ.艾…Ⅲ.诗歌-作品集-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I227

中国版本图书馆CIP数据核字(2002)第019619号

民族出版社出版发行

(北京市和平里北街14号 邮编100013)

http://www.e56.com.cn

民族出版社微机照排 迪鑫印刷厂印刷

各地新华书店经销

2002年4月第1版 2002年4月北京第1次印刷

开本:787×1092毫米 1/36 印张:3.625 字数:50千字

印数:0001—2000册 定价:5.00元

---

该书如有印装质量问题,请与本社发行部联系退换

(总编室电话:64212794;发行部电话:64211734)



责任编辑：多鲁洪
封面设计：金 一
ISBN 7-105-04990-1
9 787105 049905 >
ISBN 7-105-04990-1/I·1106
民文(维 195) 定价：5.00元